دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# ئەدەبىيات پېشۋاسى

## ھېمىڭۋاي



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

- مەشھۇر دىپلومات — كىسسىنگېر 8 يۈەن
- ئەدەبىيات پېشۋاسى — ھېمىڭۋاي 8 يۈەن
- داڭدار پەيلاسوپ — نىچشې 8 يۈەن
- ئەنگلىيىنىڭ پەخرى — چېرچىل 8 يۈەن
- فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى — دې گول 8 يۈەن
- گېزىتچىلىك خاقانى — پۇلىتسېر 8 يۈەن
- ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى — ياكوكا 8 يۈەن
- سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى — گورباچېيوف 8 يۈەن
- ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى — گەندى 8 يۈەن
- تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى — فون بلاۋئېر 8 يۈەن

ISBN 978-7-228-05586-9
9 787228 055869 >
定价 : 80.00 元

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# ئەدەبىيات پېشۋاسى ھېمىڭۋاي

ئاپتورى : ئايۇ ، زېخۇا

تەرجىمە قىلغۇچى : ئارزىگۈل سابىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

文学行者——海明威：维吾尔文/阿宇、泽华编著；阿孜占丽·沙比提译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3 （2009.4 重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978－7－228－05586－9

Ⅰ.文… Ⅱ.①阿… ②泽…③阿… Ⅲ. 海… 生平事迹 － 维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第76827号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾克巴尔·艾力 |
| 责任校对 | 热娜·阿布力米提、阿达莱提·麦合苏提 |
| 特约校对 | 亚森·扎依莫夫 |
| 封面设计 | 祖力喀尔装帧 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 印　　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 经　　销 | 各地新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 3.75 |
| 版　　次 | 2000年3月第1版 |
| 印　　次 | 2009年4月第2次印刷 |
| 印　　数 | 4001 － 7000 |
| 总 定 价 | 80.00 元 |
| 单　　价 | 8.00 元 |

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版、1997年1月第1次印刷本翻译出版.

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ــ 2

# ئەدەبىيات پېشۋاسى ــ ھېمىڭۋاي

---

**ئاپتورى:** ئا يۇ، زې خۇا
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئارزۇگۈل سابىت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئەلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئادالەت مەخسۇت، رەنا ئابلىمىت
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ياسىن زايىموف
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھىچىلىكى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 2827472 ـ 0991.
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 3.75
**نەشرى:** 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 - 7000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 05586 - 9
**ئومۇمىي باھاسى:** 80.00 يۈەن
**يەككە باھاسى:** 8.00 يۈەن

---

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئېرنېست ھېمىڭۋاي (1899 — 1961) دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە شۆھرەت قازانغان ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان داڭلىق يازغۇچىسى. ئۇ «گاڭگىرىغان ئەۋلاد»نىڭ ۋەكىلى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ۋە ئەدەبىي ژانىرلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا تەسىرى چوڭقۇر بولغان ھەمدە بىر مەزگىل تازا دەۋران سۈرگەن. ئۇ 1954 ـ يىلى شەرەپ بىلەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ھېمىڭۋاي باشتىن ـ ئاخىر زىيالىيلارغا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلگەن، مەدەنىيەت مەركىزىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، كەسىپداشلىرى بىلەن ئەپ ئۆتەلمىگەن، تۇرمۇشتا قالايمىقان بولۇپ، نام ـ مەنپەئەت قوغلىشىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى يوقاتقان، ھېمىڭۋاينىڭ نام ـ شۆھرەت قازىنىش جەريانىنى ئوخشاش بولمىغان بەش باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر 10 يىلىدا بىر چوڭ داۋالغۇش بولغان. 20 ـ يىللاردا ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ دېگۈدەك ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. 1929 ـ يىلى يازغان «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش» دېگەن ئەسىرى بىلەن ئەڭ يۇقىرى شۆھرەتكە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ 30 ـ يىللاردىكى ئەسەرلىرى سەگەك ئوبزورچىلار تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىد قىلىنغان، لېكىن 1940 ـ يىلى يازغان «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىنىدى» دېگەن ئەسىرى ئۇنىڭ نام ـ شۆھرىتىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرگەن. 40 ـ يىللاردا ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالمىغان، 1950 ـ يىلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش»

ناملىق ئەسىرى بىلەن بىر مەزگىل جىمىپ كەتكەن. بىراق، ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ يەنە «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن ئەسىرى بىلەن ئادەم ھەيران قالغۇدەك مۆۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى توققۇز يىلىدا بىر پارچىمۇ كىتاب يازمىغان. لېكىن، 1964 ـ يىلى تەۋەررۇك ئەسىرى «كۆچمە زىياپەت» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە يۇقىرى نام ـ شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

ھېمىڭۋاي تەبىئەت دۇنياسىنى، دەھشەتلىك كەچۈرمىشلەرنى ۋە تۇيۇقسىز ئۆلۈملەرنى ئاجايىپ ئىستېداتى ۋە ئىشقى بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئۇ رۇشتىكى قەھرىمانلىق بىلەن پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى، روھىي جەھەتتىكى تۇراقسىزلىق بىلەن ھاياتقا سۇس قاراش خاھىشلىرىنى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلىگەن. ئۇ ئىتالىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە ۋە ئافرىقىلارنىڭ تەڭداشسىز ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇ كۈچلۈك غايىگە ئىگە ئىدى، قىزىققاق، غەيرەتلىك، قەيسەر ئىدى. ئۇ ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن جاپالىق ئىشلەشنى ئادەم ھەيران قالغۇدەك بىرلەشتۈرۈپ، قائىدە ـ يوسۇن ۋە تېخنىكىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازىغا ئايلىنىپ، كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ نۇرىنى چاچقاندى. بىر سەنئەتكار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ يازغانلىرى قارچىغىنىڭ ئۇچۇشىدەك شۇنداق راۋان، شۇنداق چۈشىنىشلىك ئىدى.

ھېمىڭۋاينىڭ سۆز بايلىقى بىزنىڭ تىللىرىمىزدا ھازىرمۇ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ ــ بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىدە قالغان گۈزەللىك، پارچىلىنىۋېتىلگەن تىنچلىق، چۈشتىن كېيىنكى ئۆلۈم، پاكىز ھەم نۇرغا چۆمۈلگەن يەر، كۆچمە زىياپەت... ئۇنىڭ ئاجايىپ خام خىياللىرى دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئۆچمەس تەسىر قالدۇردى. ئۇنىڭ نەسرلىرى ئاددىي، قىسقا، مېغىزلىق ئىدى. 1954 ـ يىلى ئۇنىڭغا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى بېرىلگەندە، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھازىرقى زامان ئېپىك نەسرچىلىك قابىلىيىتى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن.

ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى زىددىيەتلەر بىلەن ئېغىر كېسەل ئۇنى ئارامىدا قويمىدى، ھېمىڭۋاي 1961 ـ يىلى ئوۋ مىلتىقى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە


| | | |
|---|---|---|
| بىرىنچى باب | جەمەت نەسەبنامىسى | 1 |
| ئىككىنچى باب | ئۆسمۈرلۈك دەۋرى | 7 |
| ئۈچىنچى باب | كىشىلىك دۇنياغا قەدەم بېسىش | 13 |
| تۆتىنچى باب | ياۋروپادا تۇرۇشلۇق مۇخبىر | 21 |
| بەشىنچى باب | يازغۇچىلىق ھايات | 29 |
| ئالتىنچى باب | ئىككىنچى قېتىم ئۆيلىنىش | 36 |
| يەتتىنچى باب | كېۋىست | 43 |
| سەككىزىنچى باب | ئافرىقىغا سەپەر | 51 |
| توققۇزىنچى باب | ئىسپانىيە ئۇرۇشى | 56 |
| ئونىنچى باب | مەلۇم ئىشنىڭ ئاخىرى | 63 |
| ئون بىرىنچى باب | نەزەر قورۇقى ۋە جۇڭگو | 69 |
| ئون ئىككىنچى باب | قەيسەر جەڭچى | 77 |
| ئون ئۈچىنچى باب | مارى بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر | 85 |
| ئون تۆتىنچى باب | ئادرىئاننا | 90 |
| ئون بەشىنچى باب | ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلۈمى | 94 |
| ئون ئالتىنچى باب | ئىككىنچى قېتىملىق ئوۋچىلىق ساياھىتى | 99 |
| ئون يەتتىنچى باب | خەتەرلىك ياز پەسلى | 103 |
| ئون سەككىزىنچى باب | ھاياتنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرى | 108 |
| | ھېمىڭۋاي يىلنامىسى | 113 |

# بىرىنچى باب جەمەت نەسەبنامىسى

1899 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇل ھېمىڭۋاي چىكاگونىڭ غەربىگە 10 مىل كېلىدىغان ئوئاك پاراكنىڭ شىمالىي كوچىسىدىكى بىر ئۆيدە دۇنياغا كەلدى. ھېمىڭۋاينىڭ دادىسى ئېدبېر ئىشى بېسىق دوختۇر ئىدى. ئۇ ئۈچ سۇغۇرتا شىركىتى ۋە بوردېن سۈت شىركىتىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى، ئوئاك پاراك دوختۇرخانىسى تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئۇ يەنە ئومۇرتقا ئوپېراتسىيىسىدە ئىشلىتىدىغان ئامبۇرنى كەشىپ قىلغان. ئۇ ئۆمرىدە 3000 بالىنى تۇغدۇرغان، ئۆزىنىڭ ئالتە بالىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

ئېدبېر غوللىرى كەڭ، قوش بۇرۇن، ئورۇق ئېگىمكىنى قويۇق ساقال باسقان ئادەم ئىدى، ھەرىكىتى چاققان، كۆزلىرى ئۆتكۈر، مىجەزى سەل ئىتتىك ئىدى. ھېمىڭۋاينىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئېدبېرنى بەك رەھىمسىز دېيىشىدۇ. پەقەت بىر قىز ساۋاقدىشىلا ئېدبېرنىڭ ئاق كۆڭۈل، لېكىن تاشقى قىياپەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى كۆرگەن. «ئېدبېر دوختۇر قانداقلا بولسۇن سۆيۈملۈك ئادەم ئىدى، — دەيدۇ ئۇ قىز، — لېكىن ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇنىڭ ئۇستۋاشلىرىنى ئوڭشايدىغان ئىشلارنى قىلمايتتى. ئۇ ئايال ھېمىڭۋايغىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئەلۋەتتە، ئېدبېر ئۆزىمۇ بەك بولۇمسىز، ئۆزىنى ئوڭشاپ ـ تۈزەشتۈرۈپ يۈرمەيتتى. بۇ ئۇنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىدە چوڭراق ئۇتۇق قازىنالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بولمىسا ئۇنى ھەممە ئادەم ياخشى كۆرەتتى.»

ئېدبېرنىڭ كىچىك ئوغلى لېستېر دادىسى ئۇستىدە

توختىلىپ: «دادام بەك زالىم ئىدى، ھەرقانداق ئىشنى قىلسا ئالدىراپ جىددىيلىشىپ كېتەتتى، خېلى ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ كۆڭلى ئارامغا چۈشمەيتتى» دەيدۇ.

ھېمىڭۋاينىڭ ئاپىسى گرېس 1872 ـ يىلى چىكاگودا تۇغۇلغان، دىنىي جەمئىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا چوڭ بولغان. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا جەمەتىنىڭ ئىرسىيەت كېسىلى سكارلاتىنا بەزگىكى بىلەن ئاغرىغاچقا، كېيىن نۇردىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان، دائىم قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىۋېلىپ كۆزلىرىنى ئارام ئالدۇراتتى. گرېس چاچلىرى ئالتۇن رەڭ، كۆزلىرى زەڭگەر، تېرىسى قىزىل، ئۆزى بەكلا ئوچۇق ـ يورۇق ئىدى. ئۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق بازار تەۋەسىدە بىرىنچى بولۇپ ۋېلىسىپىت مىنگەن قىز. بالا ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئەنگلىيىگە ئىككى قېتىم ساياھەتكە بارغان. ئۇ تالانتلىق تۆۋەن ئاۋازلىق ناخشىچى ئىدى، لېكىن سەھنە چىرىغى كۆزىگە زىيان قىلىدىغان بولغاچقا، يەنە بىرى ئېدېر ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇ ئىستىقبالى بار بۇ كەسىپتىن ۋاز كەچكەن.

ئېدېر گرېسنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرگەندە، گرېس ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەن، لېكىن ئېدېر ئۇنىڭغا توي قىلغاندىن كېيىن ئۆي ئىشىغا سالمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، ئۇنى ئىلىندەككە كەلتۈرگەن. كېيىن ھەقىقەتەن قىلغان ۋەدىسىدە تۇرغان، ئۇ بالىلىرىنىڭ ناشتىلىقىنى ئۆزى قىلىپ بەرگەن، خوتۇنىنىڭ ناشتىلىقىنىمۇ كارىۋىتى ئۈستىگە تەييارلاپ بەرگەن. ئېدېرنىڭ دوختۇرلۇق خىزمىتى ئالدىراش بولسىمۇ، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئۆيگە قاراش، خىزمەتكارلارنى باشقۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى قىلغان. گرېس بولسا ئائىلىدە ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ئىدى. ئۇ تولىمۇ شەخسىيەتچى ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ سۇيدۇك لاتىلىرىنى يۇيۇش، بالىلىرى ئاغرىپ قالسا قاراش، ئۆيلەرنى تازىلاش، تاماق ئېتىش، قاچا ـ قۇچا

يۈيۈش دېگەندەك ئىشلار بىلەن قەتئىي خۇشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قولى تاماقئا تۇزۇك كەلمىسىمۇ، لېكىن مىچىگاندىكى كىچىك داچىسىدا ھەممە نەرسە تەل ئىدى.

ئۇئاك پاراكتا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلار گرېسنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ئۇ ئېگىز بوي، تولغان ئايال ئىدى، لېكىن كونا پاسوندا ياسىنىپ يۈرەتتى، پۈتىنىڭ ئۇچىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىرى باشقىلارغا ناخشا ـ مۇزىكا ئۆگىتىش، مۇزىكا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇش، رەسىم سىزىش بىلەنلا ئۆتەتتى. ئۇ پۈتۈن زېھىن ـ قۇۋۋىتىنى سەنئەتكە قاراتقانىدى. ئۇنىڭ زېھىن ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى، تەسەۋۋۇرغا باي، باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىدى.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئېدېر بىلەن گرېسنى بەختلىك ئەر ـ خوتۇنلار دېيىشكە بولاتتى. ھەر ئىككىسى بوينى قاتتىق، مىجەزى ئىتتىك، ئوخشاشلا راھەت ـ پاراغەت ئىزدەيدىغان بولغاچقا، تۇرمۇشتا تازا ماسلىشىپ كېتەلمەيتتى، بەزىدە ئايرىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇرۇش ـ جېدەل قىلمىدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئېدېر گرېسنىڭ پەۋقۇلئاددە ھاياتىي كۈچىنى قەدىرلەيتتى، گرېس بولسا ئېرىنىڭ پۇختا ۋە ئىشەنچلىك تەرپىنى ياقتۇراتتى. ئېدېر گرېس خۇشال بولىدىغانلا ئىش بولسا ئۇنىڭغا يول قوياتتى، ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭ ئۇچۇن مەلۇم نەرسىسىنى قۇربان قىلىۋېتەتتى. خۇددى ھېمىڭۋاينىڭ ئەسىرى «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش»تا بىر ئىتالىيىلىك پوپ ئېيتقاندەك: «ئەگەر سەن ئۇنى سۆيسەڭ، ئۇنىڭغا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشتىن، ئۇنىڭ ئۇچۇن قۇربان بېرىشتىن ئايانمايسەن.»

ھېمىڭۋاينىڭ بوۋىلىرى ئامېرىكىنىڭ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ. ھېمىڭۋاينىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى ئوست خوئېر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

1840 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ شېففىېرد دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، 1861 ـ يىلى مارتتا ئۇ ئائىلىسى تۇرۇشلۇق دىبىك چارۋىچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلىپ، ئىئوۋا شتاتى ئاتلىق ئەسكەرلەر بىرىنچى پىدائىيلار پولكىغا قاتناشقان. ئۇ ئاتقا كىرەكلىك جابدۇقلارنى ئۆزى تەييارلىغان، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل ئىدى. 1862 ـ يىلى ئاپرېلدا مىسسۇرى شتاتىنىڭ ۋولىنسبېرگ دېگەن يېرىدە ئۇنىڭ سول پۇتىغا بىر پاي ئوق تەگكەن. ئوق پۇتىدىن ئېلىۋېتىلمىگەچكە، ئۇ ئات مىنىشكە ئامالسىز قالغان، شۇڭا ھەربىي خىزمەتكە قاتنىشىپ بىر يىلدىن كېيىن يېنىك مېيىپلەر قاتارىدا ھەربىي سەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ھەربىي سەپتىن چېكىنىش پۇلىنى مەردلىك بىلەن رەت قىلغان. «مەن ۋەتەن ئۈچۈن ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن تاللىۋالغان، ئۇنىڭغا ھەق ئالسام بولمايدۇ» دەيدۇ ئۇ. خوئېر كېيىن ئەنگلىيە مۆتىۋەرلىرىگە خاس چىرايلىق ساقال ـ بۇرۇت قويۇپ، بېشىغا ئاق رەڭلىك يوركشىرې شىلەپىسىنى كىيىپ يۈرگەن. كېيىن چىكاگودا پىچاق، قىلىچلارنى توپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىپ كەتكەن.

ھېمىڭۋاي بۇ بوۋىسى توغرىسىدىكى خېتىدە ئۈچ نۇقتىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: ئەسكەرلەرگە خاس باتۇر، ئاياللارغا خاس شەخسىيەتچى، ئەركەككە خاس ئۆزىنى قۇربان قىلالايدۇ. مانا بۇ تەرەپلەر ھېمىڭۋاينىڭ ھاياتىدىمۇ قايتىدىن كۆرۈلگەن.

ھېمىڭۋاينىڭ ئاتا تەرەپ بوۋىسى ئانسون تايلور ھېمىڭۋاي ئائىلىسى خوئېر ئائىلىسىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇراتتى. ئانسون ئەسكەر، ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى، شانلىق ئۇرۇش تۆھپىلىرىنى دائىم ئەسلەپ تۇراتتى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئانسون ئىللىنويىستىكى ۋېلتون ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلغان، چىكاگو خرىستىئان دىنىي ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا ئارقىمۇئارقىدىن سايلىنىپ، 10 يىلدىن ئارتۇق

ۋەزىپە ئۆتىگەن ھەمدە ئىنجىلنى تارقاتقۇچى دۆلەت مودى بىلەن يېقىن ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەن. ئانسون تەقۋادار، سادىق دىنىي مۇرىت ئىدى، ھاراق چەكلەش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقانىدى. ئۇ يەنە بىرىنچى چېركاۋنىڭ مۇراسىم باشقۇرغۇچىسى بولغان. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى، ئىككى قىزى بار ئىدى، ھەممىسى ئوھىئو شتاتىنىڭ ئوبېرلىن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيتتى.

ھېمىڭۋاينىڭ دادىسى ئېدېر 1928 - يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا دادىسى ئانسون قىسىمدىن ئالغاچ كەلگەن قېلىپتا ئوق قويۇپتى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان قورالمۇ ئانسون قىسىمدىن ئالغاچ كەلگەن مىلتىق ئىدى. ئانسوننىڭ بۇ نەۋرىلىرىمۇ بوۋىسى سۆزلەپ بېرىدىغان جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىدىكى قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى ئىچىدە چوڭ بولغان. ئۇلار ئۇرۇشنى خاتىرىلەش نامايىشىغا ھەر يىلى قاتنىشاتتى، بوۋىسىنىڭ ئۇچىسىدا ھەربىيچە فورما، سەپ ئىچىدە مەغرۇر كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئانسون يەنە ئىلگىرىكى ئۇرۇش توغرۇلۇق خەۋەر ۋە سۈرەتلەر بېسىلغان بىرمۇنچە گېزىتنى يىغىپ قويغان، جەنۇبقا دەم ئېلىشقا بارغاندا، جەنۇب بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قىسىمدىن چېكىنگەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆتكەن ئۇرۇش مەنزىرىلىرىنى ئەسلەشەتتى. ئانسوننىڭ جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى توغرىسىدىكى مەدھىيىلىرى دوكتور ۋىلىيام بارتوننىڭ ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشكەن، بارتون بىرىنچى چېركاۋنىڭ پوپى بولۇپ، جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى توغرۇلۇق نەچچە پارچە كىتاب يازغانىدى.

ھېمىڭۋاي بوۋىسى ئانسون ۋە دوكتور بارتوننىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ھەربىي ئىشلارغا دائىر تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىغان ھەمدە ماتتېۋ برادىنىڭ رەسىملەر توپلىمىنى تەتقىق قىلغان. بۇ رەسىملەردىكى قورقۇنچلۇق تەپسىلاتلار ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى بېيىتقان.

ھېمىڭۋاي ئۇرۇش تېمىلىرىغا باشتىن ـ ئاخىر دىققەت قىلىپ كەلگەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە 26 كىتاب ئۇرۇش تېمىلىرىغا بېغىشلانغان. ئۇ دائىم ئاجايىپ ئىپتىخار ئىچىدە ئوغۇللىرى بىلەن جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى توغرۇلۇق مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن نېگىر ژاندارمىلار ئەترىتىگە باشلامچى بولغاندا، ھېمىڭۋاي: «بۇ بوۋاي ئانسوننىڭ نېگىرلار قىسمىغا باشلامچى بولغانلىقىنى ئېسىمگە سالدى» دەيدۇ.

ھېمىڭۋاينىڭ تۆت ھەدە ـ سىڭلىسى بار، ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى چوڭ سىڭلىسى ئۇرسۇلا. ئۇرسۇلا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى بىردىنبىر بويى پاكار قىز، چىراي ـ شەكلى ھېمىڭۋايغا ئوخشاپ كېتىدۇ، مىجەز ـ خۇلقىمۇ ئۇنى قويۇپ چۈشكەن. ئۇرۇشتىن كېيىن ھېمىڭۋاي ئەڭ قىيىن كۈنلەرگە قالغاندا، ئۇرسۇلا ئۇنىڭغا تەسەللى بولغان. شۇڭا، ھېمىڭۋاي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئائىلىسىدىكىلەر ئىچىدە پەقەت ئۇرسۇلا بىلەنلا باشتىن ـ ئاخىر ئالاقىسىنى ئۈزمەي كەلگەن. ئۇنىڭدىن كىچىك سىڭلىسى سىنىلى، تولىمۇ تەرسا قىز، ئۆزى تەنھەرىكەتچى، ئۇنىڭ ئوبرازى ھېمىڭۋاينىڭ ئۈچ ئەسىرىدە كۆرۈلىدۇ: «ئەسكەرلەر ئائىلىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇ قورغان توپ تەنھەرىكەتچىسى خېلىن؛ «ئاتا ۋە بالا»دا دوروتى؛ «ئاخىرقى شادلىق بېغى»دا ئۇ ئاشۇ «ئەڭ پاكار» قىز بولۇپ، نىكنىڭ چارلىغۇچىلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇشىغا ياردەملىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك سىڭلىسى كارول، ئۇ زالىم ئاكا ـ ھەدىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىن بىردەممۇ قۇتۇلالمايدۇ، ئوئاك پاراك ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلالمايدۇ. ئەڭ كىچىك ئىنىسى لېستېر، ھېمىڭۋايدىن 16 ياش كىچىك، 30 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ھېمىڭۋاي توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى.

# ئىككىنچى باب ئۆسمۈرلۈك دەۋرى

گرېس ھەممە بالىلىرىنىڭ بالىلىق ھاياتىدىن خاتىرە قالدۇرغان. ئۇ ھېمىڭۋاي دۇنياغا كەلگەن كۈننى ئالاھىدە قىلىپ مۇنداق خاتىرىلىگەن: بۇ ناتونۇش سەبىينىڭ بۇ گۈزەل دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قۇشلار ئەڭ يېقىملىق ناخشىلىرى بىلەن قارشى ئالدى. گرېس تۇنجى ئوغلىنى ئېمىتىپ، قوينىدىن ئايرىماي چوڭ قىلغان. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە، ھېمىڭۋاي ئاپىسى بىلەن ئۇخلاشنى ياخشى كۆرەتتى، تۇن بويى ئەمچەكنى ئاغزىدىن ئايرىمايتتى، دېگەن جۈملىلەر بار.

ھېمىڭۋاي تۇغۇلۇپ يەتتە ھەپتىدىن كېيىن مىچىگاننىڭ شىمالىدىكى ۋولىن كۆلىگە ئويناپ كېلىشكە ئېلىپ بېرىلغان، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم سىرتقا ئاچىقىلىشى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەر يىلى يازدا ۋولىن كۆلىگە بېرىپ تۇرغان، جەمئىي 20 قېتىم بارغان. ئەگەر ئوئاك پاراكىتىكى ئەخلاق تەربىيىسى، دىن ۋە مۇزىكا قاتارلىقلارنى ھېمىڭۋاينىڭ ئاپىسى تەرەپنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېسەك، ئۇ چاغدا، ۋولىن كۆلى بويىدىكى كەپىدە ئۆتكۈزگەن ئەركىن تۇرمۇش، بىپايان كەتكەن يايلاقلارنى ئۇنىڭ دادىسى تەرەپنىڭ پادىشاھلىقى دېيىشكە بولىدۇ. يازدا شەھەر ئىچى بەك ئىسسىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ھېمىڭۋاينىڭ دادىسى ئېدبېر دوختۇرلۇقىنىمۇ تاشلاپ، سەھرادىكى ۋولىن كۆلى بويىغا بېرىپ يازنىڭ تومۇز ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ كېلەتتى. ئۇلار ئائىلە بويىچە كېمىگە ئولتۇرۇپ چىكاگودىن مىچىگاننىڭ خاربور سىپرىنگسقا، ئۇ يەردىن ماشىنا بىلەن كۆلنى ئايلىنىپ پېتوسكېيغا بېرىپ، ئاندىن ئۇدۇل ۋولىن كۆلىگە قايتىپ كېلەتتى. ھېمىڭۋاينىڭ

مۇشۇ جەرياندىكى تۇرمۇشتا پەيدا بولغان قىزىقىشلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا قىزىقىش، قەيسەر، تۇرگۇن خاراكتېرىنى يېتىشتۇرۇپ چىققان.

خېككىلبېل فېن ھېمىڭۋاينىڭ مىچىگاندا چۈشكەن سۈرىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: ئۇ ئۇچىسىغا بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇل ـ جۇل كىيىم، بېشىغا كىلەڭسىز چىغ قالپاق كىيىۋالاتتى، قولىدا قومۇشتىن ياسالغان قارماق، ئۆشنىسىگە ئېغىر سېۋەت ئارتىۋالاتتى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خەت ـ چەكلىرىدىمۇ كېيىنكى خەت ـ چەكلىرىدىكىگە ئوخشاش بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىقتىكى ئولجىلىرىغا دائىر سانلار خاتىرلەنگەن. ئۇ تېخى ئالتە ياش ۋاقتىدا، مەكتەپنىڭ ئوتتۇنخانىسىدا ئۇخلاۋاتقان بىر جەرەننى باغلىۋېلىپ، ئۇنى پالتا بىلەن رەھىمسىزلەرچە قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكەن. ھېمىڭۋاينىڭ يەنە مىچىگاندا بىرمۇنچە خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى بار. مەسىلەن، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا، تاغدىن پەسكە يۈگۈرۈپ چۈشكەندە ئاغزىغا بىر تال ياغاچنى چىشلىۋالغان، يىقىلىپ چۈشكەندە ياغاچ گېلىغا كىرىپ، ئىچىنى تىتما ـ تىتما قىلىۋەتكەن. يەنە بىرى، ئۇ قېيىقتا ئۇزۇن مەزگىل مۈكچىيىپ بېلىق تۇتقاچقا، بىر ئاز دۈمچەك بولۇپ قالغان.

ھېمىڭۋاي ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئەتىل ۋاقىتلىرىدا گىمىدىلىۋورتتىكى تۆمۈر زاۋۇتىغا بېرىپ تاقا ياسايتتى ياكى ئائىلىسىنىڭ كۆل بويىدىكى 40 مو يېرىنىڭ ئوت ـ چۆپ ۋە بىدىلىرىنى ئوراتتى، ياڭيۇ كولايتتى، پۇرچاق يىغاتتى، ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىشلەيتتى. ھېمىڭۋاي بالىلىق چاغلىرىدىكى تۇرمۇش ئادىتىنى تاشلىمىغان، يىلدا بىر قېتىم تۇرۇشلۇق ئورنىنى ئالماشتۇراتتى. ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن بورانلىق ۋاقىتلاردا، ئۇ ۋيومىك ۋە ئايداخولارغا كۆچۈپ بېرىۋالاتتى. ئۇ مىچىگاندا

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزگەن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش، روككى تاغ تىزمىسى ئەتراپىدىمۇ ئەركىن ـ ئازادە تۇرمۇش كەچۈرگەن.

ھېمىڭۋاي ئوئاك پاراك ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ھاياتىدا ھەممىدىن بەكرەك دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە بېرىلەتتى. ئۇ ئاشۇ جەريانلىرىنى يېزىپ چىقىپ، تەنتەربىيە پائالىيىتىدە نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچى بولغان. ئۇ مەكتەپتە يېنىك ئاتلېتىكا پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇراتتى، سۇ توپى، پۇتبول ۋە سۇ ئۈزۈش مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشاتتى، مۇنازىرە كۇلۇبىغا ئەزا ئىدى، يەنە مۇزىكا ئەترىتىگە قاتناشقانىدى، گېزىتلەرگە دائىم ماقالە بېرىپ تۇراتتى. ئۇنى ئۇلارنىڭ سىنىپىنىڭ سەركىسى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ يەنە «يارايسەن، برۇمېر» دېگەن درامىدا بېشىغا يالغان چاچ كىيىپ، رىتىچاردىنىڭ رولىنى ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ رول ئېلىشىنى ئۆزى مەسخىرە قىلغان. ئۇ قوش بىسلىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھېمىڭۋاي سەھنىگە چىقتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، باشلىرى ئايلىناتتى. ئۇ رولنى خىيالىغا كەلگەنچە ئويناۋەردى، بار قابىلىيىتىنى چىقىرىپ تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا قاملاشتۇرالمىدى، نەتىجىدە ئۇنىڭ سىنىپى شۇ قېتىمقى دراما مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاياتىدا بىردىنبىر ئېسىل رول ئالغىنى بولۇپ قالدى». مەكتەپنىڭ يىللىنامىسىدە: «ئەقىل ـ ئىدراك جەھەتتە ھېمىڭۋاينىڭ ئالدىغا ھېچكىم ئۆتەلمىگەن» دېگەن خاتىرىلەر بار. ئۇ ئەسلىدە ئىلىنوىس ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلمەكچى بولغان، لېكىن ئۆزى بېرىشنى خالىمىغان.

ھېمىڭۋاي تەخمىنەن 1916 ـ يىلى تۇنجى قېتىم كەسپىي بوكس مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ھەمدە تېزلا داڭلىق بوكسچى بولۇپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ چىكاگودا بوكس مۇسابىقىلىرىگە قاتناشقانلىقى توغرىسىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ «قەيسەر» ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن بوكس مۇسابىقىسىگە قاتناشقان، نەتىجىدە

ئاغزى ـ بۇرنى ماكچىيىپ، ئۆلگۈدەك تاياق يېگەن، دىگەندەك گەپلەر تارقالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان. ئۇ ياشلىقىدا خاس سەزگۈر، قەيسەر، تۇرگۇن ئىدى. ئوئاك پارك بازىرىنىڭ يەرلىك گېزىتى «كاۋچوك يوپۇرمىقى»نىڭ 1917 ـ يىلى 3 ـ فېۋرالدىكى سانىدا مۇنداق بىر خەۋەر بار: «ئوئاك پارك ئوتتۇرا مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ ئۈچ ئايال خىزمەتچىسى كۆكتات ئىلىپ چىقىدىغان لىفتقا ئولتۇرغاندا، لىفتتا تۇيۇقسىز كاشىلا كۆرۈلۈپ، ئۇلار خەتەرلىك ئەھۋالدا قالىدۇ. بۇنى كۆرگەن ھېمىڭۋاي دەرھال بېرىپ، لىفتنىڭ سىمىغا ئېسىلىۋالىدۇ، كېيىن يەنە تۆت بالا كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئايال خىزمەتچى خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.»

مەكتەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى يىلدا، ھېمىڭۋاي پۈتۈن زېھىن ـ قۇۋۋىتىنى يېزىقچىلىققا قارىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوقۇغۇچى بولۇپ قالىدۇ. بەزى دەرسلەر كاۋچوك دەرىخىدە نەقىش چىقىرىلىپ ياسالغان ناھايىتى چىرايلىق بىر كۇلۇبتا ئۆتۈلەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئېسىل خۇرۇم ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى. مارگارېت دىكسون ئۇلارغا يېڭى چىققان ئاساسلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردىن ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئەينى چاغدا مەكتەپتە ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغىغان. ھېمىڭۋاي ۋە ئۇنىڭ بەزى تەنھەرىكەتچى ئاغىنىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەكتەپ گېزىتى «ئېگىز ئىلەڭگۈچ»كە داۋاملىق ماقالە يېزىپ تۇرغان. ئۇلار بەزى تەنتەربىيە مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىرىغا تەقلىد قىلىپ قىسقا، ئاممىباب ماقالىلەرنى يېزىپ تۇرغان. ئۇلار تەقلىد قىلىشنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچىلاردىن بىرى لاينئوتىپو تەخەللۇسىدا «چىكاگو مۇنبەر گېزىتى»دە دائىم ماقالە ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان زىنلاردنا ئىدى. ھېمىڭۋاي ھەر ھەپتىدىكى مەخسۇس ئىستون ماقالىلىرىدە ئۆزىنىڭ نەتىجىلىرى

ئۇستىدىمۇ خېلى سالماقلىق بىلەن توختىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىكى نامى گاھىدا بەزى تەنتەربىيە چولپانلىرىنىڭ نامىنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. ھېمىڭۋاينىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۈچ پارچە ھېكايىسى مەكتەپ ژۇرنىلى «دوسكا»دا ئېلان قىلىنغان، بۇ ھېكايىلەر ئۆسمۈرلەرنىڭكىگە خاس ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭ ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر بالدۇر ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھېمىڭۋاي ھەر خىل پائالىيەتلەردىن قالمىسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا ئۆگىنىش نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەلگەن: ئۇ ئىنگلىز تىلى، تارىخ، ئالگېبرا ۋە قانۇن دەرسلىرىدە ئەلا؛ بىئولوگىيە ۋە خىمىيىدە ياخشى؛ لاتىن تىلى ۋە گېئومېتىرىيىدە ئادەتتىكىچە ئىدى. ھېمىڭۋاي شۇ نەتىجىلىرى بىلەن ئالىي مەكتەپكە تامامەن چىقالايتتى. ئۆيدىكىلىرىمۇ ئۇنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ئوبېرلىن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ دوختۇر بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ماسسېرېن ئوبېرلىن ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، لېكىن سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇشتىن چېكىنگەن. ئۇ مەكتەپتىكى ۋاقتىدا يېتىشكەن ناخشىچى ۋە رويالچى ھەم ھەر خىل پائالىيەتلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن ناتىق ئىدى. لېكىن، ھېمىڭۋاينىڭ خىيالى باشقا ئىدى. ئۇ چاغدا ئامېرىكا 1917 ـ يىلى باھاردا ئۇرۇشقا ئاتلانغان، ھېمىڭۋاي ئەسكەرلىككە قاتنىشىپ، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئالدىرايتتى. كېيىن ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئوقۇشقا تەييارلانغان پۇلىغا 1919 ـ يىلى ئاپىسىغا ئاتاپ كۆل بويىغا بىر داچا سېلىپ بەرگەن.

ھېمىڭۋاينىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرىنىڭ ئەسلىمىسىدىن قارىغاندا، ھېمىڭۋاينىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى جەزمەن بەختسىز ئۆتمىگەن. ئۇنىڭ ئاپىسى گرېس 1951 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەندە، ھېمىڭۋاي ئاپىسى توغرۇلۇق بارلىق گۈزەل

خاتىرىلەرنى قايغۇرغان هالدا ئەسلەپ چىققان. نۇرغۇن پەرزەنتلەرگە ئوخشاش، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى هۆرمەتلەيتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ بولمىغۇر يەرلىرىنىمۇ ـــ گىرېسنىڭ شەخسىيەتچىلىكىنى، ئېدېرنىڭ تەرسالىقىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمايتتى. دادىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، خېمىڭۋاي ئۆزىنى بۇ ئىشنىڭ قۇربانى دەپ ئاتىغان. ئۇ، مىجەز ـ خاراكتېرى پۈتۈنلەي ئەرلەرگە ئوخشايدىغان گرېس قورقۇنچاق ئېرىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋالغان، بۇ ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا ئېلىپ بارغان، دەيدۇ. بۇنى پۈتۈنلەي راست دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. خېمىڭۋاي ئۆزىنى چەكلەپ تۇرىدىغان تار ماكان ئوئاك پاراكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دەسلەپكى مەزگىللەردە تۇرمۇشتىن ئىمكان بار خۇشاللىق ئىزدەپلا يۈرگەن.

# ئۈچىنچى باب كىشىلىك دۇنياغا قەدەم بېسىش

1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ھېمىڭۋاي يۇرتىدىن ئايرىلىپ، شاۋقۇنلۇق شەھەر كانساسقا كەلدى ۋە داڭلىق گېزىت «كانساس چولپانلار گېزىتى»گە خىزمەتكە كىردى. ئۇ ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى خىزمەتكە چۈشتى. دەسلەپتە تاغىسى تايلور بىلەن ۋوللۇت كوچىسىدىكى 3705 ـ نومۇرلۇق ئۆيدە بىللە تۇردى. لېكىن بۇ خىل ئائىلە كەيپىياتىنىڭ ئوئاك پاراكتىكى تۇرمۇشىدىن قىلچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى تېزلا ھېس قىلىپ، بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن بىر ئاغىنىسىنىڭ تار بالىخانىسىغا كۆچۈپ بېرىۋالدى. ئۇ ئايدا 60 دوللار تاپالايتتى، ئۆي ئىجارىسى ۋە تاماقىغا ئايدا 35 دوللار كېتەتتى.

ھېمىڭۋاي ئۇزۇن ئۆتمەيلا «كانساس چولپانلار گېزىتى»نىڭ يەنە بىر مۇخبىرى برۇمبېرك بىلەن يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ قالدى. برۇمبېرك كانساستا خېلى نامى بار بىر سوتچىنىڭ ئوغلى ئىدى. بىر قېتىملىق گولف توپ مۇسابىقىسىدە بىر كۆزىدىن ئايرىلغانىدى. لېكىن، ئامېرىكا دالا ئۇرۇشى ئارقا سەپ بۆلۈمى ئۇنى يەنىلا ئىشقا قويغان، ئۇ 1917 ـ يىلى 11 ـ ئىيۇلغىچە فرانسىيىدە قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ھەيدىگەن. بىر كۈنى كەچتە، ھېمىڭۋاي ئىشتىن چۈشۈپ، برۇمبېركنى بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان. ئىككىسى ئىتالىيە ۋىنوسى ئىچكەچ، برووۋنىڭنىڭ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىشقان.

ھېمىڭۋاي ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ۋە يېتىشتۈرۈشىگە ئېرىشكەن،

www.uyghurkitap.com

«كانساس چولپانلار گېزىتى»دە ئىشلەۋاتقاندىمۇ، ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئىرىشتى. ھەممەيلەن ئۇنى مىجەزى ياخشى، ۋىجدانلىق بالا دېيىشەتتى. ئۇ قىسقا، قىزىق نۇقتا خەۋەرلىرىگە مەسئۇل ئىدى. ساقچىخانىلارغا بېرىپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە دائىر خەۋەرلەرنى ئىگىلەيتتى؛ پويىز ئىستانسىلىرىغا بېرىپ گۇمانلىق شەخس ياكى ساياھەتكە ماڭغان داڭلىق شەخسلەرنى زىيارەت قىلاتتى؛ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ قاتىللىق ۋەقەلىرى ۋە ئۆلۈم ۋەقەلىرىگە دائىر ماتېرىياللارنى نەق دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بىلەن ئەكېلەتتى. برۇمبېركنىڭ مۇنداق بىر خەۋەر ماقالىسى بار: «بىر كۈنى ھېمىڭۋاي پويىز ئىستانسىسىدا چېچەك چىقىپ قالغان بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. ھەممە ئادەم چېچەكنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ بىمارغا ياردەم قولىنى سۇنمايدۇ، لېكىن ھېمىڭۋاي بىمارنى ھاپاش قىلىپ سىرتقا ئاچىقىپ، كىرا ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ، بىمارنىڭ چىقىملىرىنى ‹كانساس چولپانلار گېزىتى› ئۈستىگە ئالىدۇ.»

ھېمىڭۋاي كانساس شەھىرىدە كۈندىن ـ كۈنگە پىشىپ يېتىلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىككە قاتنىشىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى، لېكىن كۆزى ناچار بولغاچقا قوبۇل قىلىنمىغانىدى. ئۇ ئامالسىز برۇمبېركنىڭ يولىنى تۇتۇپ، 1917 ـ يىلى دېكابىردا قىزىل كرېست ماشىنا ئەترىتىنىڭ پىدائىي شوپۇرى بولدى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن يەنى 1918 ـ يىلى 30 ـ ئاپرېل رەسمىي ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، «كانساس چولپانلار گېزىتى»دىن ئايرىلدى. ماينىڭ بېشىدا نيۇ يوركقا بېرىپ مىلادشى لېيتېنانتلىققا كۆتۈرۈلدى، پىدائىيلار سېپىدە زۇڭتۇڭ ۋىلسوننىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە سازاۋەر بولدى.

ھېمىڭۋاي ئائىلىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن ئاخىر قۇتۇلدى. 1918 ـ يىلى 23 ـ ماي برۇمبېرك ئىككىسى فرانسىيىنىڭ «چىكاگو» ناملىق پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ، فرانسىيىنىڭ بوردو دېگەن يېرىگە

باردى. ئۇلار پارىژغا يېتىپ بارغاندا، بۇ شەھەر قاتتىق بومباردىماننىڭ ئىچىدە قالغانىدى. ھېمىڭۋاي بولسا مۇشۇنداق بومباردىماننىڭ ئۈستىگە كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ ھاياجانلاندى. ئۇ بىر تاكسى يالالاپ، شوپۇرغا بىرۇمبىرك ئىككىسىنى بومباردىمان قىلىنىۋاتقان يەرلەرگە ئاپىرىشنى ئېيتتى. ئۇ «كانساس چولپانلار گېزىتى»گە بۇ نەق مەيدان خەۋىرىنى تېلېفون ئارقىلىق يەتكۈزمەكچى بولدى.

ئىيۇننىڭ بېشى، ھېمىڭۋاي پارىژدا ھاياجانلىق ئىككى كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن مىلانغا كەلدى. ئۇ مىلانغا كەلگەن كۈنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر ھەربىي ئوق ـ دورا ئىسكىلاتى پارتلاپ كەتتى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ھېمىڭۋاي گاردا كۆلىنىڭ شەرقىدىكى سكىئوغا جايلاشقان قۇتقۇزۇش پونكىتىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلدى. ئۇ يەردە «فىئات» ماركىلىق قوپال ماشىنىنى ئۈچ ھەپتە ھەيدىدى. كېيىن يەنە ئىتالىيىنىڭ شەرقىدىكى پياۋې ئالدىنقى سېپىگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېرىپ قىزىل كرېست دۇكىنىنى ئاچتى. 1918 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇل يېرىم كېچىدە ھېمىڭۋاي پياۋې دەرياسى بويىدىكى فوساكېرتادا ئېغىر يارىلاندى. بۇ قېتىمقى يارىلىنىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئاساسلىق بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئىتالىيىنىڭ ھېمىڭۋايغا بەرگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە مۇنداق يېزىلغان: «ئۇ بىرنەچچە پاي ئوق تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قىلچە ئويلىماي، يۈكسەك قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن ئىتالىيىلىك يارىدارلارغا ياردەم قولىنى سۇنغان، ھەممە يارىدارلارنى ساق ـ سالامەت چېكىندۈرۈپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزى چېكىنگەن.»

ھېمىڭۋاي يارىلانغاندا ئۇرۇشقا بولغان قارىشى يەنىلا غايىۋى ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى بارلىق تەشۋىقاتلارغا ساددىلارچە ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا يازغان خەتلىرى ئاجايىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىيات بىلەن تولغانىدى. بۇ قايناق

ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭ «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش» دېگەن ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن پاجىئەلىك كۆمىران بولۇش ئاجايىپ روشەن سىڭىشتۈرما بولۇپ قالغان. كېيىن ئۇ «ئۇرۇشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدا مەن ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنىشنى خالايدىغان نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە ماڭا ئەڭ قاراڭغۇ ئىكەن» دېگەن تونۇشقا كەلگەن.

ھېمىڭۋاي ـــ ئىتالىيىدە يارىلانغان بۇ تۇنجى ئامېرىكىلىق دالا ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا توققۇز كۈن ياتقاندىن كېيىن، 17 ـ ئىيۇل ئوسپېدلىر ماگارىنىڭ قىزىل كرېست دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلدى. ھېمىڭۋاي بۇ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقاندا، ئۇنى ئەڭ جەلپ قىلغىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جاراھىتىگە ئەڭ شىپا بولغىنى ئاگنېس ئىسىملىك ئامېرىكىلىق بىر سۆيۈملۈك سېستىرا قىز بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېمىڭۋاينىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. ئاگنېس ھېمىڭۋايدىن يەتتە ياش چوڭ ئىدى، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، زەڭگەر كۆز، تارتىنچاق قىز ئىدى. ئۇ 1918 ـ يىلى ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى ئامېرىكىلىق چولپان ئىدى. ئۇمۇ ھېمىڭۋاينى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئاگنېس دائىم جاپالىق كېچىلىك ئىسمىنىنى تالاڭلاۋالاتتى، مۇنداق بولغاندا ئۇزى سۆيگەن بىمار بىلەن ئۇزۇنراق بىللە بولالايتتى. قىزنىڭ يېقىملىق، ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان چاچلىرى دائىم ھېمىڭۋاينىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكەتتى.

ھېمىڭۋاي ئاگنېسنى ئەركىلىتىپ «ئاگى» دەپ چاقىرالايدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. ئاگنېسنىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى نەتىجىسىدە، ھېمىڭۋاينىڭ سالامەتلىكى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ باشتا كارىۋاتتىن چاقلىق ئورۇندۇققا يۆتكەلدى. كېيىن ھاسا تاياققا تايىنىپ ماڭالايدىغان بولدى. ئاگنېس ئىككىسى چىركاۋ، لاسكارا تىياتىرخانىسى ۋە كوۋا قەھۋەخانىسى دېگەندەك يەرلەرگە باردى، كارلارىئانى ئايلىنىپ كەلدى، ئۈستى ئوچۇق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سان سىرو رايونىغا

بىرىپ ئات بەيگىسى كۆردى. ئاگنېس ئۆكتەبىر بىلەن نويابىردا فىرېنزېغا، دېكابىردا يەنەترېۋسوغا يۆتكەلگەندە، ھېمىڭۋاينىڭ رەسىمىنى ئالغاچ كېتىپ، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى دېگۈدەك خەت يېزىپ تۇردى. ئۇنىڭ خەتلىرى ئاجايىپ قايناق ھېسسىياتقا تولغانىدى. ئۇ ھېمىڭۋاينى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرالمايدىغانلىقىنى، كۆڭلەرنىڭ بىردە ئۇنىڭ بىلەن ئىتالىيىدە توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ھېمىڭۋاي ئاگنېسنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 9 ـ دېكابىر ترېۋسودا كۆرگەن. بۇ ھېمىڭۋاينىڭ گىم گامبىلنىڭ تەكلىپى بىلەن مىلاد بايرىمىنى تاۋرمىنادا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بىر ھەپتە رۇخسەت ئالغان ھەمدە دېڭىزنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن سىتسىلىيىگە بارغان ۋاقتى ئىدى. گىم گامبىل بىلەن ھېمىڭۋاي سىرداش دوستلاردىن ئىدى. گىم گامبىل ھېمىڭۋاينىڭ ئىتالىيىنى ئوبدانراق ئايلىنىپ كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر يىللىق چىقىمىنى كۆتۈرمەكچى بولغان. 1919 ـ يىلى مارتتا ئاگنېس ھېمىڭۋاينى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىپ، ھېمىڭۋاينى ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ باقمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى. لېكىن ئۇ ئاخىر بېرىپ ئىتالىيىلىك كاراكسىولو بىلەنمۇ توي قىلالمىدى. چۈنكى، كاراكسىولو ئۇنى تاشلىۋەتكەنىدى.

ھېمىڭۋاي ئاگنېسنى ئۆزىنىڭ توي قىلىش تەلىپىنى رەت قىلىدۇ، دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. بۇ ئىش ئۇنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان جىسمانىي ئازابلىرىغا ئوخشاشلا ئازابلىدى. ھېمىڭۋاينىڭ ھاياتىدا ئۇنىڭغا ئەڭ تەسىر قىلغان ئايال ئۇنىڭ ئاپىسى ئەمەس، بەلكى ئاگنېس ئىدى. ھېمىڭۋاي بىلەن ئاگنېسنىڭ مۇھەببىتى ھېمىڭۋايغا ئۇرۇش ئىچىدە مۇھەببەتلىشىش قېلىپىنى تۇرغۇزۇپ بەردى. ئۇ ھەر قېتىم بىرەر خەتەرگە ئۇچرىغاندا ياكى يارىلانغاندا، ئۇنىڭغا ھەرقاچان بىر ئايال ھەمراھ ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېزلا ئەسلىگە

كېلەتتى. بۇ خىل ئۇرۇش ۋە مۇھەببەت قېلىپى ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ۋە ئىنكاھىغا تەسىر كۆرسەتتى. «قوراللار بىلەن ۋىداڭلىشىش»، «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش» دېگەندەك ئەسەرلىرىمۇ شۇنىڭ ئىلھامىدىن بولغان.

1919 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئاخىرىدا хېمىڭۋاي يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ كېتىشى بىر گەپ ئىدى. چۈنكى ئۇ قايناق ئۇرۇش ھاياتىنى يېڭىلا بېشىدىن كەچۈرگەن، ياۋروپادا ئۇنتۇلغۇسىز كۆڭۈللۈك ساياھەتلەردە بولغان، يارىلىنىپ ئېغىر جىسمانىي ئازاب تارتقان، مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى قانغۇچە سۈرگەن، ئوئاك پارك ۋە مىچىگانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى بىرقەدەر تىنچ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىچى سىقىلدى. ئۇنىڭ پۇتى بىجىرىم ساقىيىپ كەتمىگەن، يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ غېرىبلىق ھېس قىلاتتى، ئىتالىيىنى، ئاگنېسنى سېغىناتتى. بەزىدە ئۇنىڭ دېمى سىقىلىپ، ئۆزىنى ئۆلۈم چاڭگىلىدا ھېس قىلاتتى. كېيىن ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ئاغىنىلىرى بىلەن ئارىلىشىدىغان، ئۇلار بىلەن مىچىگان يېرىم ئارىلىغا بېرىپ بېلىق تۇتىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېزىقچىلىققا بولغان ئىلھامى، ئاياللارغا بولغان مۇھەببىتىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئويغاندى. مانا بۇ تەپسىلاتلار ئۇنىڭ «ئالا كۆڭۈل» دېگەن ئەسىرىدە جانلىق سۈرەتلەنگەن.

1920 ـ يىلى نويابىرنىڭ بېشىدا، хېمىڭۋاي چىكاگونىڭ شەرقىي كوچىسىدىكى كېنرىي سىمىتنىڭ تۇرالغۇسىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا خادلېي رىتچاسون بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ قىز كېنرىينىڭ ھەدىسى كېتىنىڭ ساۋاقدىشى ھەم يېقىن دوستى ئىدى. ئۇلار سان لۇئىستىكى مارى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيتتى. خادلېي تالانتلىق روياڭچى ئىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىسى خارسون ۋىلىيامسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، لېكىن خۇددى ئاگنېس хېمىڭۋاينى تاشلىۋەتكەندەك، خارسونمۇ ئۇنى تاشلىۋەتكەنىدى.

خادلېي ئىلگىرى سان لۇئىستا مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن، لېكىن كېيىن سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، مۇزىكىدىن ۋاز كەچكەن، بۇ تەرىپىمۇ گرېسنىڭ كۆزى ياخشى بولمىغاچقا، مۇزىكىدىن ۋاز كەچكىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

خادلېي دىلى يۇمشاق، مېھرىبان، زېرەك، تىرىشچان ئىدى، ھېمىڭۋايغا سەممىي، سادىق ئىدى. ئۇلار مۇھەببەتلىشىۋاتقاندا ئىلىنىڭ جىنسىي پائالىيەتلەر توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرى ئۈستىدە ئەركىن مۇھاكىمە ئېلىپ باراتتى. ھېمىڭۋاي خادلېينى باشقىلارنىڭ ھامىيسى ئاستىدا ياشاپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئىشەنچ تۇرغۇزدى، ئۇنى سىرتقى مۇھىت بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇنى مۇز تېيىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىدىغان ئايال دېدى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئاساسەن خەت ئالاقىسى ئارقىلىق بولغان، چۈنكى ھېمىڭۋاي چىكاگودا، خادلېي بولسا سان لۇئىستا ئىدى. ئايرىلىپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ سېغىنىشىنى كۈچەيتىپ، مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. خادلېي خەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ھېمىڭۋايغا چەكسىز سادىقلىقىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەن.

1921 ـ يىلى سېنتەبىر ئۇلارنىڭ توي مۇراسىمى چېركاۋدا ئۆتكۈزۈلدى. يېڭى توي قىلغان ئەر ـ خوتۇنلار ھېمىڭۋاي ئائىلىسىنىڭ داچىسىدا ئىككى ھەپتە تۇردى، ھېمىڭۋاي توي قىلغاندا خىزمىتى يوق ئىدى. سېنتەبىردە ئۇ «تورونتو كۈندىلىك چولپان گېزىتى» بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ گېزىتنىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى بولدى. ئۇلار شىرىند ئاندېرسېننىڭ نەسىھىتى بويىچە پارىژغا كۆچۈپ باردى. ئەينى چاغدا بۇ يەر ئاۋانگارت ئەدەبىياتنىڭ مەركىزى ئىدى.

ھېمىڭۋاي ئۇرۇشتىن كېيىنكى بىرنەچچە يىللىق تۇرمۇشىدا ئاگنېسقا بولغان مۇھەببىتىنى خادلېيغا يۆتكىدى. ھەر ئىككى قىزنىڭ يېشى ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ ئىدى، ئىككىلىسى

چىراي ـ شەكلى، بوي ـ تۇرقى جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن جىق پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، ھەر ئىككىسى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەت يازغان. لېكىن، ئاگنېس كۆپنى كۆرگەن، نۇرغۇن يەرلەرگە بارغان سېسترا، كۆپ ئىشلارغا پىشقان، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تولۇق ئىدى. ئۇ ھېمىڭۋاينىڭ ياش، ساددىلىقىنى تولۇق ئىگىلىۋالغانىدى. خادلېي بولسا كېسەلدىن قۇتۇلالمىغان، ھەممە ئىشتا ئاپىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ كەلگەن قىز، يەنە كېلىپ تۇنجى مۇھەببىتىدە زەربىگە ئۇچرىغانىدى. ھېمىڭۋاي بەزىدە ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىدىن چەكسىز مىننەتدار ئىدى، ئېرىگە يۈزدەيۈز سادىق ئىدى. ھېمىڭۋاي ئۇنىڭدىن ھەممىگە ئېرىشتى. ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان ئاگنېستىن ئېرىشەلمىگەن ھەممە نەرسىگە — بىر گۈزەل قىزنىڭ مۇھەببىتىگە، كۆڭۈلدىكىدەك كىرىمگە، ياۋروپادىكى خۇشال ـ خۇرام كۈنلەرگە ئېرىشتى.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب ياۋروپادا تۇرۇشلۇق مۇخبىر

ھېمىڭۋاي خېنرى جامېس ۋە ت. س. ئېلىيوتلارغا ئوخشاش ئامېرىكا مەدەنىيىتى بوشلۇق ھالىتىدە تۇرغاندا ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىشنى قىلمىدى، ئۇلارغا ئوخشاش ئەنگلىيە جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتى ئىچىدە ئېرىپمۇ كەتمىدى. لېكىن، ئىتالىيە، ئىسپانىيە ۋە فرانسىيىلەرنىڭ لاتىن مەدەنىيىتى ئۇنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان چاغدىكىگە ئوخشاش قايناق تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشاشنى، ياۋروپاغا بېرىپ يېڭى - يېڭى تەسىراتلارغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئامېرىكىلىق، ئامېرىكىلىقلارغا خاس نەسر يېزىشنى ئويلايتتى.

ھېمىڭۋاي ئەر - خوتۇن ئىككىسى نيۇيوركتىن «رىئو - پودىنا» ناملىق پاراخوتقا چىقىپ سەپىرىنى باشلىدى، ئىسپانىيىنىڭ ۋىگو پورتىدا قىسقا ۋاقىتلىق توختىغاندىن كېيىن، 1921 - يىلى 22 - دېكابىر پارىژغا يېتىپ باردى. ھېمىڭۋاي پارىژغا يېتىپ بېرىپ، تېخى بىرەر پارچە ئەسەر ئېلان قىلماي تۇرۇپلا ئەدەبىيات قورغىنىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھۇجۇم باشلىدى ھەمدە بىر قىسىم داڭلىق يازغۇچىلار ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەت تىكلىدى. توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ زېھىن - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تاشقانىدى. ساياھەت قىلىشقا باشقىچە ھەۋەس قىلىپ قالغانىدى. ئۇ ياۋروپادا تۇرغان دەسلەپكى ئىككى يىلدا قاتتىق تىرىشىش ئارقىلىق ئاخبارات ساھەسىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە يۈزلەندى. «تورونتو كۈندىلىك چولپان گېزىتى»دىكى خىزمىتى ئۇنىڭغا نۇرغۇن جايلارنى ساياھەت قىلىش، نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ

www.uyghurkitap.com

بەرگەنىدى. ئۇ ھازىر كۈندىلىك خەۋەرلەرنى يېزىشقا مەسئۇل چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق مۇخبىر ئەمەس، بەلكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىگە رەڭ بېرىپ، ھەقىقىي ئەدەبىي ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىدىغان يازغۇچى ئىدى.

ھېمىڭۋاي: «ئۆزۈڭ كۆرمىگەن نەرسىلەرنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش قىيىن» دەپ قارايدۇ. ئۇ ياۋروپاغا بارغان تۇنجى يىلىلا پويىز بىلەن 10 مىڭ مىل سەپەر قىلدى. 1922 ـ يىلىدىكى ژېنېۋا يىغىنى، ئۆكتەبىردىكى گرېتسىيە ـ پرۇسسىيە ئۇرۇشى، نويابىردىكى لوسان يىغىنى ۋە 1923 ـ يىلى 5 ـ ئاپرېل فرانسىيىنىڭ رۇخلىنى بېسىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلىي خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئالدىراش، ئەمما كۆڭۈللۈك سەپەر جەريانىدا تاماملىغان. ھېمىڭۋاي تۇرمۇشتا يېڭى نەرسىلەرگە ــ يېڭى دۆلەتكە، يېڭى مەدەنىيەتكە ۋە ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان كالا بىلەن ئېلىشىش مۇسابىقىسىگە، يېڭى ئوۋ مەيدانلىرىغا، يېڭى بېلىق تۇتۇش ئورۇنلىرىغا، يېڭى خوتۇنغا، يېڭى ئۇرۇشلارغا ئىنتىلەتتى.

ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ ئاخبارات خەۋەرلىرىدە سەپەر جەريانىدىكى ئىشلارنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ ھەر خىل مۇناسىۋەتلىك يىغىنلار، ئۇرۇشلار ھەمدە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى بوربون سۇلالىسىنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئىتالىيە فاشىست ئۇنسۇرلىرى ۋە ئەينى چاغدىكى بەزى سىياسىي داھىيلار ــ چېرچىل، كرېمون، مۇسسولىنى توغرۇلۇق يازغان. ئۇ يەنە ياۋروپادىكى رېئال تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت توغرۇلۇق ئوبزور خاراكتېرلىك نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. پوۋند ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلار ئۈستىدىكى سىلىق تەھلىللىرىگە ناھايىتى قول قويىدۇ.

ھېمىڭۋاي خەلقئارا سىياسەت ۋە ئۇرۇشنى ئىنتايىن ئىنچىكە كۆزەتكەن. ئۇ بىلىم قۇرۇلمىسى چوڭقۇر مۇخبىرلار بىلەن، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ئەسكەرلەر بىلەن

يېقىن ئۆتەتتى. ئۇ مەخسۇس تەربىيە كۆرمىگەن، يېتەرلىك پۇلىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۆز ئالدىغا يول ئاچمىسا بولمايتتى. ھېمىڭۋاي جىلىخور، مىجەزى ئىتتىك ئىدى، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بىر يازغۇچى سۈپىتىدە ئەمەس، ھەقىقىي ئەركەك سۈپىتىدە تونۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى غەزەپلەنگەن ئادەملەر خۇددى ياۋايى مەخلۇقتەك ئوخشايتتى، لېكىن زوراۋانلىق ئاجىزلىقنى يوشۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى، ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزى بولسا باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ گەپ - سۆزدە، خەتلىرىدە، ئەسەرلىرىدە ۋىكتورىيىچە ئەخلاق - پەزىلەتكە، ئاچچىسىغا، ئازازۇل خوتۇنلارغا، رىقابەتچى يازغۇچىلارغا ۋە بەچچىۋازلارغا ھۇجۇم قىلاتتى. ھېمىڭۋاي قوسۇر تېپىشقا ئامراق كۆرۈنەتتى، ئۆزى بەستلىك بولغاچقا، تېنى ئاجىزلار ئۇنىڭ مۇشتىنى كۆتۈرەلمەيتتى. مۇنداق تەرەپلىرى ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭ نام - ئابرۇيىغىمۇ تەسىر يەتكۈزەتتى. ئۇ 1934 - يىلى ماك ئارمونىنىڭ قاتتىق ئەدىپىنى بەرگەن؛ 1935 - يىلى نەشرىيات سودىگىرى جوزېف نوپىنى قاتتىق ئۇرغان؛ 1936 - يىلى شائىر ۋاللاتىسې ستېۋېنسنى قاتتىق ئەدەپلىگەن.

ھېمىڭۋاي گېرتىسىيە - پروسسىيە ئۇرۇشىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئاپەتلىرى توغرۇلۇق «تورونتو كۇندىلىك چولپان گېزىتى»گە 14 پارچە ماقالە يازغان. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتا يازغۇچى بولۇپ قېلىشىدا مۇھىم ئامىل بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ تۇنجى پىشقان ئەسىرى «دەۋرىمىزدە»دە گېرىتسىيە - پروسسىيە ئۇرۇشىدىكى ئىشلار ناھايىتى ياخشى يېزىلغان ئۈچ پارچە بار. ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ھاياتىنى باشلىغاندا ئەسەرلىرىنى رېئاللىق ئاساسىغا تۇرغۇزۇشقا تىرىشقان. لېكىن ئۇ ئۆزى كۆرگەن ۋە ئۆزىگە تەسىر قىلغان شەيئىلەر ئىچىدىن ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللىۋېلىشقا، خاتىرىسىدىكى نەرسىلەردىنمۇ ھەقىقىي نەرسىلەرنى يېزىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ

www.uyghurkitap.com

باقاتتى.

ھېمىڭۋاي كونستانتىنوپولدىكى ۋاقتىدا تېۋەككۇلچى ۋە ھەربىي چارلس سۈنى بىلەن تونۇشتى. ئۇ ھېمىڭۋاينىڭ كېيىنكى 40 يىللىق ھاياتىدا بەزىدە كۆرۈنەي، بەزىدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان مۇھىم ئادەم بولۇپ قالغان. سۈنى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى فرانسىيىنىڭ چەت ئەلدىكى پولكىغا كىرگەن؛ ئۇ يەنە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قارچىغا ئەترىتىنىڭ قۇرغۇچىسى؛ 1943 ـ يىلىدىكى «ھەقىقەتنىڭ ۋاقتى»نىڭ ئىجادچىسى. ھېمىڭۋاي سۈنىنىڭ سىياسىي قارىشى ۋە جاھانگىرلارغا بولغان قىزغىنلىقىغا قارشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «سۈنىدەك ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى». چۈنكى، سۈنى تەۋرەنمەس، پىشقان پائالىيەتچى، ئۇرۇش قەھرىمانى ۋە ئامەتلىك، رومانتىك ھەربىي ئىدى. كىمدە كىم ئۇنىڭ خىياللىرىغا ئەگىشەلىسە ھەمدە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلسا، ئۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئۇ تۇرمۇشنى سۆيەتتى، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەيتتى، ئاياللار بىلەن بىللە بولغاندىمۇ ئۆزىنى باشقۇرالايتتى. ھېمىڭۋاي ئۇنى ھەربىي ئىشلاردا كاللىسى بار ئەڭ قابىل ئادەم، دەپ قارايتتى.

1922 ـ، 1923 ـ يىللاردا ھېمىڭۋاي سىياسىي ئەربابلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى روشەن ھالدا كۈچەيتتى، بەزى تارىخىي ۋەقەلەرگە ئارىلاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سىياسىي ـ ئىدىيە جەھەتتە تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدى. 1923 ـ يىلى كۈزدە ئۇ تورونتودا تۇرۇپ، ياپونىيىدىكى يەر تەۋرەشتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى توغرىسىدا ماقالىلەر يازدى ھەمدە ئىشچىلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەشەببۇس قىلدى. «تورونتو كۈندىلىك چولپان گېزىتى»نىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ سۈرگۈن قىلىنغان رۇسىيىلىكلەرگە چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى، ئېزىلىۋاتقان گرېتسىيىلىكلەرگە،

مېيىپ فرانسىيىلىكلەرگە، ئېچىنىشلىق دەپسەندە قىلىنغان گېرمانىيىلىكلەرگە ۋە ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئازابلىنىۋاتقان بىچارىلەرگىمۇ قاتتىق ھېسداشلىق قىلدى. ئۇ بېسىش خاراكتېرلىك تەھدىت سېلىشنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا زوراۋانلىق قىلىنىشتىن تېخىمۇ ئۇنۇملۇك بولىدىغانلىقىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن تونۇپ يەتكەندە، مۇسسولىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلەپ قالغان.

ھېمىڭۋاينىڭ ياۋروپادا مۇخبىر بولۇپ تۇرغان چاغدىكى كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭغا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۇسلۇب ۋە ئەخلاقىي قاراشنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن، لېكىن پۈتۈنلەي شۇ سەۋەب بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ماھارىتى، ئاساسىي كۆزقارىشى ۋە ئالىيجاناب ھەرىكەت مىزانى ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا كىچىكىدىن تارتىپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان كىپلىنگنىڭ ئەسەرلىرىدىن كەلگەن. كىپلىنگنىڭ ئەسەرلىرى ھېمىڭۋاينى ۋىكتورىيە دەۋرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئەخلاقىي قارىشى بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋەتكەن، ھېمىڭۋاي يەنە ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە ئەنئەنىسى ئۇچۇن شەرەپ ھېس قىلاتتى. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا كىپلىنگكە قايىل بولۇپ كەلگەن. بۇ پېشقەدەم يازغۇچى قارا چاپلىنىپ ھاقارەتكە ئۇچرىغان مەزگىللەردىمۇ، ھېمىڭۋاي يەنىلا ئۇنى ھۆرمەتلەپ ۋە ماختاپ كەلگەن. ئادەمگە چوڭقۇر تەسىر بېرىدىغان چىنىكى خەندەك ئىچىدە ئوتتۇن كەسلەيدىغان بالا. ئۇرۇش سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، ئىش - ھەرىكەتلىرىدە كىپلىنگنىڭ ھەرىكەت مىزانى جانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ بالا كىپلىنگنىڭ تەسىرىنى ھېمىڭۋايغا سىڭدۈرۈۋەتكەن، ھېمىڭۋاي كىپلىنگنىڭ ئەسەرلىرىنى زېھنىنى قويۇپ ئوقۇغان ھەمدە ئەستايىدىل تەتقىق قىلغان، بۇ ئۇستازدىن نۇرغۇن كېرەكلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلغان. ئۇ مۇشۇ يەردىن ئەدەبىي ماھارەت، يېزىقچىلىق ئۇسۇلى ۋە ئەسەرنى پىششىقلاشتىن تارتىپ

كىپلىنگنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «مەزمۇننى ئىخچاملاش» قىچە بولغان نۇرغۇن مۇھىم بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. يەنە كېلىپ، باش تېما ۋە جەددىي ئەھۋالدىكى ئاساسىي كەيپىياتنى سۈرەتلەشتە ئىككىسىنىڭ تۇتقان يولى ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

1923 ـ يىلى يازدا ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى تۇنجى قېتىم نەشر قىلغان ئىككى نەشرىيات سودىگىرى ــ بىل بىرېد ۋە ماك ئارمون بىلەن ئىسپانىيىگە سەپەر قىلدى. بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى 10 يىلدا ئىسپانىيىگە قىلغان سەپەرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىقى ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىدە نام ـ ئابروي قوغلاشماسلىق مىزانى تىكلىدى. ئىسپانىيىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، كالا بىلەن ئېلىشىش ئويۇنىغا ئاجايىپ قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققەت ـ ئېتىبارى نۇرغۇن تورېئادورلار يارىلىنىدىغان ياكى جېنىدىن ئايرىلىدىغان، پەقەت ئاز ساندىكى تورېئادورلارلا نام ـ ئاتاق ۋە مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان خەتەرلىك كالا بىلەن ئېلىشىش مۇسابىقىسىگە بۇرالدى. ئۇ يازغۇچىلارمۇ خۇددى تورېئادورلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە يېزىقچىلىق قىلىشى، ياشىشى كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلدى. ئۇ تورېئادور قورقۇنچنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆلۈم ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىلا، ئۆلۈم ۋە قورقۇنچ ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ، «كالا بىلەن ئېلىشىش ــ سەنئەتكار جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئورۇندايدىغان بىردىنبىر سەنئەت، بۇ سەنئەتتە ئورۇنداش ماھارىتىنىڭ دەرىجىسى تورېئادورنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن بەلگىلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. كالا بىلەن ئېلىشىش ئويۇنى، ھېيت ـ بايرام، ھاراق ئىچىش ۋە دېھقانلارنى تەسۋىرلىشىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھېمىڭۋاي ئۆزىنى زىيالىي ئەمەس، بەلكى تەربىيە كۆرمىگەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى يوق، قوپال يىگىت قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان.

ھېمىڭۋاي ئىجادىيىتىنى توختاتمايدىغان، ياۋروپانى ھارماي ـ

تالماي ئايلىنىدىغان ئەلپازدا كۆرۈنەتتى. لېكىن، 1923 ـ يىلى يانۋاردا خادلېينىڭ بويىدا قالغاندىن كېيىن، ئۇ غەم ـ ئەندىشىسىز تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى، ياۋروپادىن تورونتورغا قايتىپ كېلىپ ئىككى يىلچە تۇرۇپ قالدى. ھېمىڭۋاينىڭ زىممىسىگە تۇيۇقسىزلا ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتى چۈشكەنىدى. ئەمدى ئائىلە تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن، ئۇ «تورونتو كۈندىلىك چولپان گېزىتى»دىن مۇقىم خىزمەت تاپمىسا بولمايتتى. 1923 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئۇلار كۆپىيىككە بېرىپ باتۇرست كوچىسىدىكى 1599 ـ نومۇرلۇق قورۇدىن بىر يۇرۇش ئۆي ئىجارىگە ئالدى. 10 ـ سېنتەبىر ھېمىڭۋاي رەسمىي خىزمەتكە چۈشتى، ھەپتىلىك مائاشى 125 دوللار ئىدى.

لېكىن ئۇ تورونتوغا قايتىپ كېلىپ خۇددى ئۈرۈشتىن كېيىن ئۇئاك پاراكقا قايتىپ كەلگەن چاغدىكىدەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى، پوۋند، ستايىن، سىلۋىيە بىچلارغا خەت يېزىپ كاناداغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. لېكىن ئۇنىڭ پارىژغا بولغان سېغىنىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. ئۇ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىقى بىلەن خېلى داڭق چىقىرىپ قالغان مەزگىللەردە جون بورن بىلەن خېلى يېقىن ئارىلىشىپ ئۆتكەنىدى. لېكىن ھازىر ئۇ «تورونتو كۈندىلىك چولپان گېزىتى»گە باغلىنىپ قالدى، ياردەمچى باش مۇھەررىر خارى خىندمارشىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەۋاتىدۇ، ھەر خىل ئاھانەت ۋە خورلۇقلارغا ئۇچراۋاتىدۇ. دەسلەپكى ئىككى ھەپتىدە، ھېمىڭۋاي ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى. كېيىن خەۋەر يېزىپ كېلىشكە يىراق جايغا ئەۋەتىۋېتىلگەچكە، خادلېينىڭ تۇغۇتىغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدى. خادلېي 1923 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىر ئوغۇشلۇق بىر ئوغۇل بوشىنىۋالغانىدى. بالىغا جون خادلېي نىكانور دەپ ئىسىم قويۇلغان، كىشىلەر ئۇنى بومبى دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەنگەنىدى. بۇ، تېخى زاكىسىدىنمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايرىلمىغان بۇ بالىنىڭ مىجەزىنىڭ تەخىرسىز، ئوسالللىقىنى بىلدۈرەتتى.

ھېمىڭۋاي پارىژدىكى دوستلىرىنى، قايناق ھاياتنى سېغىناتتى، تورونتودىكى مەنىسىز تۇرمۇش، تار ئەخلاقىي قاراش، ئادەمنىڭ زېھنىنى قۇرۇتىدىغان كۆڭۈلسىز خىزمەت، ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنالماسلىق، باش مۇھەررىرنىڭ تايىنى يوق ئىشلارغا سېلىشى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ھېمىڭۋاينى ئاخىر «تورونتو كۈندىلىك چولپان گېزىتى»دىكى خىزمىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ پارىژدا ئىجادىيىتى بىلەن ئەركىن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، ھەر ھەپتىدە ئالىدىغان 125 دوللار پۇلدىنمۇ ۋاز كەچتى. پارىژدا تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن ھەپتىسىگە 50 دوللار كېتەتتى. خادلېي مۇقىم كىرىم بولمىغان بۇ تۇرمۇشقا رايىشلىق بىلەن بەرداشلىق بەردى. ھېمىڭۋاي ئوئاك پاراكتىكى ئاتا ــ ئانىسىنى ئالدىراشلا يوقلىۋەتكەندىن كېيىن، 1924 ــ يىلى يانۋاردا «ئانتونىيە» ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، 10 كۈندىن كېيىن چېربوۋرگقا يېتىپ باردى.

ھېمىڭۋاينىڭ شەخسىي تۇرمۇش ۋە كەسپىي ھاياتىدا ياش تۇرۇپلا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. 19 يېشىدا ئۇ مۇخبىر ۋە ئۇرۇشتا يارىلانغان قەھرىمان بولغان؛ 20 ياشتىن باشلاپ مۇھەببەت سەۋداسىغا چۈشكەن؛ 22 يېشىدا توي قىلغان؛ 23 يېشىدا ياۋروپادا تۇرۇشلۇق مۇخبىر بولغان؛ 24 يېشىدا ئاتا بولغان. ئۇنىڭ تۇنجى كىتابچىسى «ئۈچ ھېكايە ۋە 10 شېئىر» 1923 ــ يىلى ئاۋغۇستتا نەشردىن چىققان، ئەينى چاغدا ھېمىڭۋاي 24 ياشتا ئىدى. ئۇ تورونتودىن ئايرىلغاندا ئاخبارات ساھەسىدىكى يېڭى ئەسكەر ئەمەس ئىدى. ئۇنى مەشھۇر يازغۇچى دېمىگەندىمۇ، بىر كەسپىي يازغۇچى بولۇپ قالغانىدى.

# بەشىنچى باب  يازغۇچىلىق ھايات

ھېمىڭۋاي ئەر - خوتۇن فرانسىيىگە بارغاندىن كېيىن، پوۋندنىڭ ئىشخانىسىغا يېقىن مەريەم ئانا چېركاۋى يولى 113 - قورۇدىكى شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان تاختاي زاۋۇتىنىڭ بىناسىدىن بىر يۇرۇش ئۆي ئىجارىگە ئالدى. ئەگرى - بۈگرى كەتكەن بۇ يول مونتىباناس دەرەخلىك يولى بىلەن پاراللېل ئىدى. ئۇلار كۆچۈپ كىرگەن ئۆي بەكلا ۋەيرانە، يا يۇيۇنۇش ئۆيى، يا سۇيى يوق ئىدى. ئۇلار يەرگە پالاس سېلىپلا يېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئىككىنچى قەۋەتتە ئىدى، پەلەمپەيلىرى لىڭشىپ تۇراتتى، ھويلىسىغا ياغاچلار دۆۋىلىنىۋېتىلگەنىدى.

ھېمىڭۋاي ئائىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، پوۋندنىڭ تەكلىپى بىلەن «پان ئوكيانىيە ئوبزورى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى فورتنىڭ خىزمىتىگە ياردەملەشتى. 1924 - يىلى يانۋاردا پوۋند ھېمىڭۋاينى فورتقا تونۇشتۇرۇپ قويغاندا، فورت ئەدەبىيات ساھەسىدە ئالاقىسى قويۇق، يېزىقچىلىق ۋە تەھرىرلىكتە پىشقەدەم يازغۇچى ئىدى. فورتنىڭ دەسلەپكى رافېل ئېقىمىدىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى زىچ ئىدى، ئامېرىكىلىق بىرنەچچە يازغۇچى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى. فورت «پان ئوكيانىيە ئوبزورى» ژۇرنىلىغا ھېمىڭۋاينىڭ دەسلەپكى ھېكايىلىرىدىن «ئىندىئانلار بارگاھى»، «دوختۇر ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى»، «قار - شىۋىرغاندا قالغان زېمىن» قاتارلىقلارنى ۋە بىر قىسىم ماقالىلىرىنى بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا «ئامېرىكا» ژۇرنىلىنىڭ 1924 - يىللىق 8 - سانىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى تاپشۇردى. فورت دائىم دېگۈدەك ھېمىڭۋاينى ماختاپ ماقالىلەر يېزىپ تۇراتتى، ھەتتا ھېمىڭۋاي توغرىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

خۇش خەۋەرلەرنى ھېمىڭۋاينىڭ ئۇئالى پاراكتىكى ئائىلىسىدىكىلەرگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئائىلىسىدىكىلەر ھېمىڭۋاينىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىن رازى ئەمەس ئىدى.

ھېمىڭۋاي فورتقا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىسىمۇ، لېكىن فورت باشتىن ـ ئاخىر ھېمىڭۋاينىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ كەلگەن. 1925 ـ يىلى ھېمىڭۋاينىڭ تۇنجى ئاممىباب كىتابى «دەۋرىمىزدە» نەشر قىلىنغاندا، فورت كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇنىڭ مۇقاۋىسىغا بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. ئۇ يورەكلىك ھەم ئىشەنچ بىلەن: «ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل، قەلىمى ئەڭ پىشقان، ئەڭ كامالەتكە يەتكەن مۇنەۋۋەر يازغۇچىسى ئېرنېست ھېمىڭۋاي» دېگەن. فورت يەنە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئەسەر «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش»قا خېلى سالمىقى بار كىرىش سۆز يېزىپ، پارىژدا ئۆتكەن دەسلەپكى چاغلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئۇ چاغدا ھېمىڭۋاينىڭ تىراژى ناھايىتى ئاز تۇنجى كىتابى نەشر قىلىنغانىدى. فورت كەڭ قورساقلىق بىلەن ھېمىڭۋايىنى كونراد ۋە ۋ. خ. خېدلىن بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى «مەن 50 يىلدىن بېرى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ كېلىۋاتقان كامالەتكە يەتكەن ئۈچ ئىنگلىز نەسرچىنىڭ بىرى» دەپ ئاتىغان ھەمدە ھېمىڭۋاينىڭ سۆز ئىشلىتىشتىكى ئالاھىدە تالانتىنى شەرھلەپ، «شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چۈشىنىشلىك، سۆز – جۈملىلىرى جايىدا» دەپ كۆرسەتكەن.

فورتقا مۇناسىۋەتلىك ھەربىر ئىش، ھەتتا ئۇنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىمۇ ھېمىڭۋاينىڭ نېرۋىسىغا تېگىدىغان بولۇپ قالغاندەك بولاتتى. فورتنىڭ غەلىتە مىجەزى ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايتتى. ئۇ فورتقا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا بارغانسېرى ئۆچ بولۇپ كەتتى. «پانئوكيانىيە ئوبزورى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ ساق بىر يىل بولغان 1925 ـ يىلى يانۋاردا ژۇرنال نەشردىن توختاپ قالغاندا، ھېمىڭۋاي «فورتتىن

قاتتىق خاپا بولغان، ئۇنىڭ مەنمەنلىكىدىن ۋە ئۆزىنى «پانئوكيانىيە ئوبزورى» ژۇرنىلىدا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش يۈرسىتىدىن مەھرۇم قىلغانلىقىدىن بىزار بولغان». ئۇ فورتنى پۈتۈن ۋاقتىنى پۇلدارلارغا خۇشامەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، قول ئىلكىدە ئانچە يوق كىشىلەرنى ھاقارەتلەيدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ فورت توغرۇلۇق يازغان ماقالىلىرىدىمۇ ئۆزىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم قىلغان بۇ كەسپىدىشىغا بولغان ۋاپاسىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان. ھېمىڭۋاينىڭ فورتقا بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇنىڭ ھاياتىدا كۆپ قېتىم ئاشكارىلانغان. ئۇ «باھار تاشقىنى»ناملىق ئەسىرىدە شىرىند ئاندېرسېنغا قوپاللىق بىلەن تەقلىد قىلغان؛ «قۇياشمۇ كۆتۈرۈلدى» دە خارولد لوبنى ھەجۋىي تەسۋىرلىگەن؛ «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش»تە سىنكلايىرغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان؛ «كۆچمە زىياپەت»تە ستايىن بىلەن فورتقا ھۇجۇم قىلغان.

ھېمىڭۋاينىڭ زېمىنىسىدە بىر ئائىلىنىڭ يوكى بولسىمۇ، تۇرمۇشتا پۇلدىن شۇنچە قىسىلسىمۇ، لېكىن ئۇ پۇل ـ دۇنياغا ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كېتىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئەسەرلىرىنى ئالدىرىماي، پىششىق ئىشلەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ دادىسىغا مۇنداق دېگەن: «ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تىنچ، خاتىرجەم يېزىقچىلىق قىلىش ئامېرىكا يازغۇچىلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان پۇل ۋەسۋەسىگە قوشۇلۇپ كېتىشتىن نەچچە ھەسسە مۇھىم. مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يازىمەن، لېكىن ئەسەرلىرىمنىڭ سېتىلىش ئەھۋالى، ماڭا كەلتۈرىدىغان پايدىسى، ھەتتا ئېلان قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقىغىمۇ كاللا قاتۇرمايمەن». مۇتلەق كۆپ ساندىكى يازغۇچىلارغا ئوخشاش، ھېمىڭۋاي يېزىقچىلىقنىڭ جاپالىق، يوكسەك ئەقىل ـ پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان جەريان ئىكەنلىكىنى، ئادەم بىر ئۆمۈر ئېيتىشىپمۇ مۇكەممەل بىر

يولىنى تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ يېزىقچىلىقنى بىراۋغا ئۆگىتىپ قويغىلى بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت ئۆزۈن مەزگىللىك، جاپالىق ئەمەلىيەت جەريانىدىلا ئۆگەنگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھېمىڭۋاي يېزىقچىلىقنى ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى رىقابەتتى ئەڭ كۈچلۈك كەسپىي بوكسچىلىق مۇسابىقىسىگە ئوخشىتىدۇ. بۇ مۇسابىقىدە بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئۇستازلار بىلەن رىقابەت ئورنىدا قويىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا رىقابەتلىشىدۇ، يەنىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

ھېمىڭۋاي ياش يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپاتتى. ئۇنىڭ ماھارىتى ۋە ئىجاد قىلغان يېڭى ئۇسلۇبى بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ نەسرلىرى سۆز ـ جۈملىلىرىنىڭ پىششىق، ئىخچاملىقى ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىۋاسىتە تەسۋىرلىشى بىلەن ئادەتتىكى ئوقۇرمەن ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا نامايان بولۇپ، 20 ـ ئەسىردە ئەڭ تەسىرى بار نەسرلەردىن بولۇپ قالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، ئەمما قوزغىتىشچانلىقى باي ئۇسلۇبىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ پارىژدا پاسسوس، ماك لېيش، ۋالش، شېرمانغا ئوخشاش نۇرغۇن يازغۇچىلار بىلەن دوستلۇق ئورناتتى، ئۇ ئازغىنە مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قازىنىش ئىشەنچىنى تۇرغۇزغانىدى. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك پوۋند، ستايىن ۋە جويىسقا ئوخشاش پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ كەينىدە ماڭىدىغان ئەمەس، ئۇلار بىلەن رىقابەتلىشىدىغان كەسىپ ئىگىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق دەسلەپتە خېلى ياخشى راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن 1937 ـ يىلىغا بارغاندا، ھېمىڭۋاي شېرماندىن باشقا ھەممە ئاغىنىلىرى بىلەن سوقۇشۇپ چىققتى.

ھېمىڭۋاي ئەدەبىيات ساھەسىدە شۆھرەت قازىنىشقا

باشلىغاندا، خوتۇنى خادلېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. 1924 ـ يىلى قولىدا پۇل قالماسلىق ئۇ دۇچ كەلگەن بىر ئېغىر مەسىلە بولدى. ھېمىڭۋاي گېزىتخانىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە، خادلېينىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرىدىغان گېئورگې بىرېك خادلېيغا بېرىدىغان ئىقتىسادنىڭ بېرىمىنى ئازلىتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن خادلېي نەچچە ئايغىچە قولىغا بىر تىيىن پۇل ئالالمىدى. نامراتلىق ئىچىدە قالغان ھېمىڭۋاي خادلېيدىن بارغانسېرى بىزار بولۇشقا باشلىدى. خادلېي بومبىنى تۇغقاندىن كېيىن سەمرىپ، ئائىلە خوتۇنلىرىغا ئېخىمۇ ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سەككىز ياش پەرق بارغانسېرى روشەن بىلىنىشكە باشلىدى. ھېمىڭۋاينىڭ جىنسىي ھەۋىسى ئۇرغۇپ تۇراتتى، خادلېي بولسا تىنچ تۇرمۇشنى خالايتتى، ھېمىڭۋاينىڭ قىزغىن ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە ماسلىشالمايتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ «قىزىقى» قالمىغانىدى. ھېمىڭۋاي ياش ۋاقتىدا سۆيگەن بۇ خوتۇنىدىن قۇرامىغا يەتكەندە زېرىكىپ قالغانىدى. ئۇ پارىژدا يېگىمچە تۇرمۇشقا ئىنتىلەتتى.

ھېمىڭۋاي مۇناسىۋەت بۇزۇلۇش توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ھېكايىلەرنى يازغان. خادلېي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقى توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىدىن «يامغۇردا قالغان مۈشۈك»، «ماس كەلمىگەن پەسىل»، «مەجنۇن قىز» ۋە «شۋېيتسارىيىگە سالام» قاتارلىقلار بار. بۇ ئەسەرلەردە ئۇلارنىڭ نىكاھ مەسىلىسى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن. چۈنكى، ھېمىڭۋاينىڭ كەيپىياتى بۇزۇلغاندا قولىقى تېخىمۇ ئۆتكۈر بولۇپ كېتەتتى.

1924 ـ يىلى باھاردا ھېمىڭۋاي فورت ئارقىلىق لوب بىلەن تونۇشتى. 1925 ـ يىلى باھار ۋە يازدا، ھېمىڭۋاي لوبنىڭ ئاغىنىسى ــ يوركشىرې بازىرىدىكى سمۇرتۋاينىڭ قىزى داف تۋىسدىنىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ

يۇردى. بۇ ئۇنىڭ بىلەن خادلېينىڭ مۇناسىۋىتىگە بىر تەھدىت ئىدى. داف 1893 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھېمىڭۋايدىن نەچچە ياش چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، كۆزلىرى قوڭۇر، چېچىنى قىسقا ياسىتىپ يۇرەتتى. 1917 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم توي قىلغان، ئېرى ئۆتۈپ كەتكەن ھاراقكەش ئىدى. داف چىرايلىق، ھېسسىياتچان قىز ئىدى. لوب بىلەن ھېمىڭۋايغا ناز ـ خۇلۇقلارنى چىقىرىپ، ئۇلارنى رىقابەتكە سېلىپ قويۇپ ھۇزۇرلىناتتى. «قۇياشمۇ كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەن ئەسەردىكى برېت ئاشلېي دەل دافنىڭ ئوبرازى، ئەدەبىيات ساھەسىدە نامى تۆكۈلگەن ئادەملەر بىلەن ئارىلىششنى ياخشى كۆرىدۇ.

ھېمىڭۋاي ئادەتتە ئەتىدىن ـ كەچكىچە قەھۋەخانىدىن چىقمايدىغان ئادەملەرنى ۋە مەسئۇلىيەتسىز ھاراقكەشلەرنى ياقتۇرمايتتى. لېكىن، داف ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچكە باي ئەرلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ بېسىۋالالمايتتى. داف شاللاقلىقتا نامى چىققان ۋە ھېمىڭۋايغا ئۆلگۈدەك ئاشىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئەخلاق ئۆلچىمى بار ئىدى. «ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ــ دەيتتى ئۇ ھېمىڭۋايغا، ــ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلسىڭىز بولمايدۇ.» ھېمىڭۋاي تولىمۇ ئازابلىنىدۇ، ئۇ دافقا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلالمايتتى. ئۇزۇن مەزگىل بىللە تۇرمۇش كەچۈرەلمەيتتى. ئۇ يەنە بىر دەملىك كۆڭۈل خۇشىنى دەپ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇنى ئوئاك پارك پۇرىتانلىرىنىڭكىدەك بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي ئەقىدىنىڭ قالدۇق ئاڭلىرى كونترول قىلىپ تۇراتتى، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ داف بىلەن لوب ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلىق مۇۋەپپەقىيەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭ قەلبىدە نەپرەت قوزغىيالايتتى. ئۇ لوبنىڭ يەھۇدىيلارچە قىلىقلىرىنى ــ مەنمەنلىكىنى ۋە داف تاشلىۋەتكەندىن كېيىنكى ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ھالىتىنى ياقتۇرمايتتى.

1925 ـ يىلى ئاپرېل «ئاجايىپ گاتىسبى» تارقىتىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، «دەۋرىمىزدە»نەشردىن چىقىشتىن ئالتە ئاي ئىلگىرى، ھېمىڭۋاي ئاۋستىرالىيە قاۋاقخانىسىدا سكوت فىنسگېرلد بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھېمىڭۋاي كىچىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلىپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، فىنسگېرلد 3 مىليون تىراژ بىلەن چىقىۋاتقان «شەنبىلىك پوچتا كەچلىك گېزىتى»گە ماقالە يېزىپ يۈرەتتى. ھېمىڭۋايدىن ئۈچ ياش چوڭ فىنسگېرلد پرىنستونغا كەتكەن، ئۇنىڭ «بۇ دۇنيادىكى جەننەت» دېگەن ئەسىرى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ھېمىڭۋاينى سكرىبونا نەشرىياتىغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ نام چىقىرىشىغا ياردەملەشكەن. ھېمىڭۋاي ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى رەقىبى ۋە قەھرىمانى بولۇپ قالغانىدى. ھېمىڭۋاي ھاراق ئىچىش، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە كۈرەش تەجرىبىسى جەھەتتە ئەركەكلەرگە خاس كۈچ ـ قۇدرەتكە، قابىلىيەتكە ئىگە ئىدى. فىنسگېرلدتا بولسا دەل مۇشۇ نەرسىلەر كەم ئىدى. ئۇلار تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن، ئۇ ھېمىڭۋايغا: «بۇ بىر يېرىم يىلدا سېنىڭ دوستلۇقۇڭ مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم بولدى. بىزنىڭ ياۋروپاغا قىلغان سەپىرىمىز ماڭا چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىلدى» دېگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب ئىككىنچى قېتىم ئۆيلىنىش

ئارىلىقتا تۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى: ھېمىڭۋاي ئەسەرلىرىنىڭ ئورىگىناللىرىنى يىتتۈرۈپ قويدى، ئۇنىڭ جېنىغا تېگىپ، خوتۇنىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بويىدا قېلىشى ئۇ‌نى يەنە دافقا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ھېمىڭۋاي بىلەن خادلىي ئوتتۇرىسىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ھەر ھالدا ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. داق ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھەببەت قايىنىمىغا كىرىپ قالغان ھېمىڭۋاي ئەخلاق جەھەتتە ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، خوتۇنىغا بولغان مۇھەببىتى بارغانسېرى سۇسلىشىپ باردى. ھېسسىياتنىڭ قۇلى بولۇپ، 1926 ـ يىلى فېۋرالدىن تارتىپ پاۋلىن بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خادلىي بىلەن بولغان تۇرمۇشى ئېغىر ئازاب گىردابىغا بارغاندا، ئىككىسى ئاۋغۇستتىن باشلاپ ئايرىلىپ تۇرۇشقا باشلىدى. 1927 ـ يىلى يانۋاردا ئۇ خادلىيدىن ئاجرىشىپ، مايدا پاۋلىن بىلەن توي قىلدى.

پاۋلىن بەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك قىز ئىدى. لەۋلىرى تولغان، چېچى قارا، قۇلىقىغا ئۇزۇن كۆك ياقۇت ھالقا ئېسىۋالاتتى. 30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىدا كېيىنستا پاۋلىن بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ماتتېۋ جوزېفلىن پاۋلىننىڭ ھېمىڭۋايغا بولغان مۇھەببىتى ۋە تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «پاۋلىن زىلۋا، قارا چاچ، قارا كۆز، تېتىك ئايال، لېكىن ئۇنى ساھىبجامال دېيىشكە بولمايدۇ. كىشىلەر ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدىنلا چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بارلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پاۋلىن دائىم ھېمىڭۋاينىڭ تەلەپپۇزىدا، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ

تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىدۇ» دېگەنىدى.

پاۋلىنىڭ سىڭلىسى جىنىنى ئەقىللىق، زېرەك، پاۋلىندىن جارىبىلىك ئىدى. كىنتتى 1925 ـ يىلى مارتتا پاۋلىن بىلەن جىنىنى ھېمىڭۋايغا تونۇشتۇرۇپ قويغان. ئەينى چاغدا بۇ ھەدە ـ سىڭىل شىرۇنستا يېڭىلا قىشنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدى. ھېمىڭۋاي بىلەن پاۋلىن تۇنجى كۆرۈشۈشىدىلا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئەمەس، پاۋلىنغا ھېمىڭۋاي قوپال، ئۇستىۋېشىنى ئوڭشاپ يۈرمەيدىغان ھالەتتە كۆرۈنگەن. ھېمىڭۋايغا بولسا پاۋلىندىن جىنىنى چىرايلىق كۆرۈنگەن. شۇ يىلى كۈزدە، ھېمىڭۋاينىڭ دافقا كۆڭلى سوۋۇغاندىن كېيىن، ئاندىن پاۋلىننى ياخشى كۆرۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن پاۋلىن خادلىېدىن ھېمىڭۋاينى تارتىۋېلىش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەن.

ھېمىڭۋاي خادلىېنى چىكاگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قىممەت قارىشى، ئائىلە ۋە ئۆزلىرى ئۇلتۇرىدىغان بىنانىڭ ئالدىدىكى تاختاي زاۋۇتى بىلەن باغلاپ قارايتتى. پاۋلىننى بولسا «مودا كىيىملەر ژۇرنىلى»، چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەر، ئەركىنلىك ۋە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بىلەن باغلاپ قارايتتى. ھېمىڭۋاي ھۆرمەتكە سازاۋەر يازغۇچىغا ئايلانغاندىن كېيىن، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئايالغا موھتاج بولغانىدى. ھېمىڭۋاي سالاپەتلىك، كېلىشكەن ۋۇجۇدىدىن ئىششەنچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئادەم بولغاچقا، نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللار ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتى. پاۋلىنمۇ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ، شۇنداق قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ھېمىڭۋاي ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز ئىدى. ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى رومانتىك ئىدى. ھەر قېتىم بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ھەم مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشنى كۆڭلىگە پۈكەتتى.

ھېمىڭۋاي نەشر قىلىنمىغان يەنە بىر ئەسىرى «پىلىپ خېنىمۇ بىر يازغۇچى»نىڭ مەلۇم قىسىملىرىدا ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى زىددىيەتلىك ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى ئاشكارىلاپ

www.uyghurkitap.com



قويغان. ئۆزىنى ئەيىبلىگەن، ئارقىدىنلا يەنە ئۆزىنى ئاقلىغان. ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياغا ئامراقلىقىنى، ئايالىلارنى كۆرسە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. «چۈشتىن كېيىنكى ئۆلۈم» دېگەن ئەسىرىدە، ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ ئاتالمىش مۇرەككەپ شەيئىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويغان: «مەن شۇنداق قارايمەن، پەقەت بىر ئىشتىن كېيىن پۇشايمان قىلمىساڭلا، ئەخلاق سىزىقىدىن چىقىپ كەتمىگەن ھېسابلىنىسەن؛ ئەگەر پۇشايمان قىلساڭ، بۇ ئەخلاق سىزىقىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىڭدىن دېرەك بېرىدۇ». ئەگەر بۇ ئۆلچەمنى كالا بىلەن ئېلىشىشقا ئەمەس، پاۋلىنغا سالساق، ئۇ چاغدا ھېمىڭۋاينىڭ پاۋلىن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە پاسسىپلىقتىن ئاكتىپلىققا ئۆتكىنىنىڭ ئۆز ئەخلاق سىزىقىدىن چىقىپ كەتكەنلىك بولىدۇ. ئۇ پاۋلىنغا ۋەدىلەر بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن خادلېيغا قىلغان رەھىمسىزلىكلىرى ئۈچۈن قاتتىق ئازابلانغان. خادلېيمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چاندۇرماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېمىڭۋاينىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر جاراھەتلەندۈرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. بىل بودى ھېمىڭۋايدىن ئاجرىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ھېمىڭۋاي: «مېنىڭ ئەسكىلىكىمدىن بولغان» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ھېمىڭۋاينىڭ پاۋلىن بىلەن توي قىلىشى ئۇنىڭ ئەمدى كاتولىك دىنى مۇرىتى بولمىسا بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى، يەنە كېلىپ، ئۇ باللىرىنىمۇ كاتولىك دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن تەربىيىلىشى كېرەك ئىدى. 1926 ـ يىلى يانۋاردا ئۇ شىرۇنستا پاۋلىن بىلەن چاڭغا تېيىلىۋاتقاندا، ئۆزىنى كاتولىك دىنى مۇرىتى دەپ ئاتىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭدا دىنغا نىسبەتەن چوڭقۇر گۇمانىي قاراش بار ئىدى، شۇڭا ئۇ يېڭى ئېتىقادىنىمۇ ئۆزۈن ئۆتمەي تاشلاپ قويىدى. ئۇ مىساغا بارمايتتى، دەرۋىشلەرنى ياقتۇرمايتتى، پىلانلىق تۇغۇتنى

چەكلەش بەلگىلىمىسىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئۇ فرانسۇز تىلىدىكى: «مەن ئېتىقادچى، ئەمەلىيەتچى ئەمەس» دېگەن جۈملىنى تەتۈرىسىگە ئۆرۈپ: «مەن ئەمەلىيەتچى، ئېتىقادچى ئەمەس» دەپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ كۇبالىق بەزى ئاغىنىلىرى: «ھېمىڭۋاي كاتولىك دىنى مۇرىتىغا ئەمەس، مۇسۇلمانغا بەكرەك ئوخشايدۇ» دەيدۇ. ئۇ بۇ قاراشنى ئىسپاتلاپ شۇنداق دەيدۇ: «ئىشىنى قىلسۇن، 1 مىليون دوللار ئۇچۇن ھەرقانداق ئادەم كاتولىك دىنى مۇرىتى بولۇپ كېتىشكە رازى»، «پەقەت قان شورىغۇچىلارلا ئۆزلىرىنىڭ روھىنى قۇتقۇلدۇرۇشقا ئالدىرايدۇ.»

ھېمىڭۋاي «قۇياشمۇ كۆتۈرۈلدى» دېگەن ئەسىرىنى كەيپىياتى ناھايىتى ناچار ۋاقىتلاردا يازغان. 1925 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇل يەنە ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنى بالېنسىيادا قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا باشلىغان، مادرىد ۋە ئاندىدا يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان، ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنە 12 ـ سېنتەبىر پارىژدا دەسلەپكى ئورگىنالىنى تاماملىغان، كېيىنكى ئالتە ئايدا ئالدىرىماي، تەپسىلىي تۈزەتكەن، بۇ دەل دافىقا بولغان مەجنۇنلۇقىدىن قۇتۇلۇپ، پاۋلىننى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋاقتى ئىدى. 1926 ـ يىلى مارتنىڭ ئاخىرى، ئۇ شىرۇنستا تۇرۇۋاتقان خادلېينىڭ يېنىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئەسىرىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتكەن. ئاۋغۇستتا خادلېي بىلەن ئايرىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، مۇرفېنىڭ ئىشخانىسىدا كورىېكتور نۇسخىسىنى كۆرگەن ھەمدە بۇ كىتابنى قەدىناس خوتۇنى خادلېي ۋە بالىلىرىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. «قۇياشمۇ كۆتۈرۈلدى» ھازىر ئومۇميۈزلۈك ھالدا ھېمىڭۋاينىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەسىرى دەپ قارىلىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ئەسەر دەل ھېمىڭۋاي خوتۇنىدىن ئاجراشقان ھەم ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ كاتولىك دىنىغا كىرگەن ۋاقىتتا نەشردىن چىققاچقا، ئۇئاك پاراكتا بۇ ئەسەر تازا ئالقىشقا ئېرىشمىگەن.

1926 ـ يىلى 30 ـ دېكابىر پاۋلىن پاراخوت بىلەن

فرانسىيىگە قايتتى، ھېمىڭۋاي پرېستاندا ئۇنى كۈتتۈۋالدى.

ئۇلار بىر قىشنى بىللە ئۆتكۈزدى، شۋېتسارىيىگە بېرىپ چاڭغا تېيىلدى. ھېمىڭۋاي ھەر قېتىم قايتا ئۆيلەنگەندە ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. گېرستاد دېگەن بۇ ئاۋات يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ خۇددى «يامغۇردا قالغان مۈشۈك» دېگەن ھېكايىسىدىكى ئايالنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك تولىمۇ راھەت تۇرمۇش كەچۈردى. 1927 ـ يىلى 10 ـ ماي ئۇلار ئېيرانسىتىكى سان ـ نورى چېركاۋىدا توي قىلدى. شېرىن ئايلىرىنى كامارگېدىكى گرودخېۋادا ئۆتكۈزدى. يازدا ئىسپانىيىگە بېرىپ، ھەممە يەرنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقتى.

ھېمىڭۋاينىڭ قىران ۋاقتىدىكى تۇرمۇشى ناھايىتى جىددىيچىلىكتە ئۆتتى، ئۇ ئارام ئالماي ساياھەتكە چىقاتتى، كېسەلدىن نېرى بولالمايتتى، دائىم دېگۈدەك ھادىسىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ھېمىڭۋايغا دائىم چاڭغا تېيىلىش، بېلىق تۇتۇشلاردا ھەمراھ بولىدىغان قورقۇنچاق، كۆزى ئاجىز باسسوس مۇنداق دەيدۇ: «ھېمىڭۋاينىڭ بويى تەنھەرىكەتچىلەردەك بەستلىك ئىدى، لېكىن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭدەك ئۇخلايدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن». ھېمىڭۋاينىڭ دائىم ھادىسىگە ئۇچراپ تۇرۇشىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنى كېلەڭسىز، بىر كۆزى ئاجىز، ئىنكاسى تېز ئەمەس ئىدى. جىلىخور، ئالدىراڭغۇ، بىر ئىشلارغا ئاسان تېرىكىدىغان مىجەزى بار ئىدى، ھاراققا ئاغزى تېگىپ كەتسىلا ئۆزىنى باشقۇرالماي قالاتتى. ماشىنا ھەيدىگەن، چاڭغا تېيىلغان، بېلىق تۇتقان، ئوۋغا چىققان ۋە ئۇرۇشقا قاتناشقان چاغلىرىدا ئۆزىنى خەتەرلىك يەرلەرگە ئېتىپ تۇراتتى.

يەنە بىر تەرىپى ئۇنىڭ بەدىنى ناھايىتى تولغان بولغاچقا، ھەرقانداق ئېغىر ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلەيتتى ھەم تېز ئەسلىگە كېلەلەيتتى. شۇڭا، خەتەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى، بەدىنىدە بىرەر جاراھەت ئىزى قالسا تېخى پەخىرلىنىپ

كېتەتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىغا شۇنداق دېگەن: «ئازابلىنىپ تۇرمىسام ئۆزۈمنى ھەقىقىي خۇشال ھېس قىلالمايمەن.»

ھېمىڭۋاي پاۋلىن بىلەن توي قىلىپ بىرىنچى يىلىدا ئۈچ قېتىم ھادىسىگە ئۇچرىغان، بۇ بەلكىم كەيپىياتىنىڭ نورمال بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇلار شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ھېمىڭۋاينىڭ پۇتى يارىلىنىپ، ياللۇغلىنىپ ئىششىپ كەتكەن، ئۇ كارىۋاتتا مىدىرلىماي 10 كۈن يېتىشقا مەجبۇر بولغان. ئىككىنچى قېتىملىق ۋەقە 1927 ـ يىلى ئۇلار قىشنى ئۆتكۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن شۋېتسارىيىنىڭ مونترېۋكس دېگەن يېرىگە ئىككىنچى قېتىم بارغاندا يۈز بەرگەن. ئۇ كېچىدە بومبىنى تەرەتكە ئاچىققاندا، بالىنىڭ تىرنىقى ھېمىڭۋاينىڭ ساق كۆزىگە كىرىپ كېتىپ، خېلى ئۇبدانلا جاراھەتلەندۈرگەن، ئۇ نەچچە ھەپتىگىچە بىر نەرسىلەرنى تازا ئېنىق كۆرەلمەي يۈرگەن. ئۈچىنچى قېتىملىق ۋەقە 1928 ـ يىلى مارتتا، يەنى ئۇلار فېلوت كوچىسىدىكى بىر بىنادا تۇرۇۋاتقاندا يۈز بەرگەن. ئۇنىڭ بىر ئاغىنىسى ھاۋادان قاپقىقىنىڭ يىپىنى خاتا تارتىپ قويغانلىقتىن، قاپقاق ئەينەك ـ پەيىنەكى بىلەن بىراقلا ئاجراپ ھېمىڭۋاينىڭ بېشىغا چۈشكەن، نەتىجىدە باشنىڭ ئىككى تومۇرى يېرىلىپ نۇرغۇن قان چىقىپ كەتكەن. بېشىنى توققۇز يىپتا تىككەن، ئوڭ قېشىنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن تاتۇق پەيدا بولۇپ قالغان. قېدىر قالاق چەت رايون شېۋىسىدە ئۇنىڭدىن: «قانچىلىكمۇ قىينالغانسەن، تايىنلىق مەستچىلىكتە ھاۋادانىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتتىڭمۇ دەيمەن» دەپ سورىغان.

1927 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، پاۋلىنىنىڭ بويىدا قېلىپ، قورسىقى يوغىناشقا باشلىدى. بۇ چاغدا خادلىپي ھېمىڭۋاينىڭ كۆزىگە خوتۇنىدىن چىرايلىق كۆرۈندى. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن كەيپىياتىدا نورمالسىزلىق كۆرۈنمىدى. پاۋلىنمۇ بالىنى شىمالىي ئامېرىكىغا بېرىپ تۇغۇپ كېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن دوستلىرى پارىژدىن كېتىپ

قالغانىدى. پارىژ ھېمىڭۋايغا خادلېي بىلەن ئۆتكەن تۇرمۇشىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، پاۋلىن ئىبرىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويماقچى ئىدى. پاسسوس ئۇلارغا كېيۈستنى ناھايىتى ماختاپ تونۇشتۇرغانىدى. 1928 ـ يىلى مارتتا ئۇلار «ئاۋلىتا»ناملىق پاراخوتقا چىقىپ، 18 كۈنلۈك دېڭىز سەپىرىنى باشلىدى، ئاپرېلنىڭ بېشىدا فلورىداغا يېتىپ باردى. ھېمىڭۋاي پارىژدىن ئايرىلغاندىن كېيىن چوڭ شەھەرلەردە ئۇزۇن تۇرمىدى.

# يەتتىنچى باب كېۋېست

كېۋېست ئامېرىكىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى بىر بازار، شۇنداقلا فلورىدا يېرىم ئارىلىنىڭ بېشىدىن غەربكە سوزۇلغان بىر قاتار ئاراللار ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىرى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىللىق، سۇ ئۈزۈش ۋە بېلىق تۇتۇشقا ئەڭ ياخشى جاي ئىدى. بىرەر يېڭىلىق يوق بۇ ۋەيرانە بازاردا نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەسكى ئۆي ۋە ھاڭقىيىپ تۇرغان بالكونلارنى قەدەمدە بىر ئۇچراتقىلى بولاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ يەر نانتۇككېت ۋە يېڭى ئورلېئاننىڭ تۇسىنى ئالغانىدى.

ھېمىڭۋايغا بۇ يەر بەكلا ياراپ كەتتى: «بۇ مەن بارغان يەرلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى يەر ئىكەن، — دېدى ئۇ گايشىكقا، — نەگىلا قارىساڭ يېشىلچىلىق، ھەر خىل مېۋىلىرىچۇ تېخى... تۇنۇگۈن ئاخشام ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ پىچاق ئويۇنى ئويناپ كېتىپتىمەن». ھېمىڭۋاي سىمونتون كوچىسىدىن بىر يۈرۈش ئۆي تاپتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى جىددىي ئورۇنلاشتۇردى. قۇياش بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرىدۇ، چۈشتىن بۇرۇن ئۈچ - تۆت سائەت ئولتۇرۇپ «قورال - ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش»نى يازىدۇ، چۈشتىن كېيىن بېلىق تۇتۇشقا بارىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ۋاقىتلاردا كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇ كېۋېستتا تۇرغان 10 نەچچە يىل ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىۋالدى. مەسىلەن، «قورال - ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش»، «چۈشتىن كېيىنكى ئۆلۈم»، «يېشىللىققا پۈركەنگەن ئافرىقا تاغلىرى»، «بارى ۋە يوقى»، «كىلىمانجارودىكى

قار»، «بەشىنچى كالوننا»، «ئىسپانىيە زېمىنى» ۋە «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى»نىڭ باش قىسمى.

ئاپرېل ھېمىڭۋاي كېۋېستقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاتا ـ ئانىسىمۇ كەلدى. ئاتا ـ ئانىسى فلورىدادا يەر ـ مۈلۈك سودىسى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلار كۇباغا كېتىۋېتىپ بۇ يەردە چۈشۈپ قالغانىدى. ئېدىر جۇدەڭگۈ، چاچلىرى چارلىشىپ كەتكەنىدى. بىر ئىشلارغا ئاسان چېچىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىجارىتى تازا يۈرۈشمەيۋاتقاچقا، روھى چۈشكۈن ئىدى. گرېس بولسا يەنىلا بۇرۇنقىدەك شۇنداق جۇشقۇن، ئېرى قېرىپ ھالىدىن كەتكەنسېرى بەكرەك ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ھېمىڭۋاي ئاددىي يۇقرالار بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى، قەيسەر، ساددا، سەممىمىي ئادەملەرنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كېۋېستتىمۇ بىرنەچچە دوست تۇتتى. ئۇ ھەرقانداق ئىشقا ناھايىتى سەزگۈر ئىدى، قىزىقمايدىغان نەرسىسى يوق ئىدى، باشقىلارنى سىناشقا خۇشتار ئىدى، ھاراقنى كۆپ ئىچكەن بىلەن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويمايتتى. ئۇ بەزىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى، بۇ تەرىپى تەنتەربىيە ساھەسىدىكى زاتلارنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. ئۇ پرېستاندا ساندىس ئىسىملىك بىر كاپىتان بىلەن تونۇشۇپ قالغان، كاپىتان ئۇنىڭغا دېڭىزنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرگەندە قانداق بېلىق تۇتۇشنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. ھېمىڭۋاينىڭ يەنە سۇلىۋان دەيدىغان بىر ئاغىنىسىمۇ بار ئىدى. سۇلىۋان ئەسلى كېمە رېمونت زاۋۇتىدا ئىشلەيتتى، كېيىن كېۋېست ئەتراپىدىكى تۆمۈريوللارنى ياساش، رېمونت قىلىش ئىشىغا كىرىشالدى. ھېمىڭۋاي سۇلىۋاننى ئۈچىنچى ئوغلى گرېگورىغا ئاتاق ئاتا بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە «يېشىللىقتا پۈركەنگەن ئافرىقا تاغلىرى» دېگەن ئەسىرىنى سۇلىۋان ۋە كېۋېستتىكى ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى تومپسونغا بېغىشلاپ يازدى. تومپسون

كېيۇستتا تۇغۇلغان، ئېگىز بوي، ئورۇق، غوللىرى كەڭ، گەپ ـ سۆزى سىلىق ـ سىپايە ئادەم ئىدى. ئۇ تونۇلغان مەرگەن ئىدى. ئۇ ھېمىڭۋاي تۇنجى قېتىم ئافرىقا تاغلىرىغا ئوۋغا چىققاندا بىللە چىققانىدى. ھېمىڭۋاينىڭ «يېشىللىقتا پۈركەنگەن ئافرىقا تاغلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى كارول دەل تومپسوننىڭ ئوبرازى.

ھېمىڭۋاي ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى شەھەرمۇشەھەر ئايلىنىپ يۈرگەندە، ھېمىڭۋاينىڭ دادىسى چىكاگودىكى كونا ئۆيىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئىدېر تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىسىمۇ، لېكىن تىجارەتتە ئېغىر زىيان تارتقان، يەنە كېلىپ سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان بولغاچقا، روھىي جەھەتتىن تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ دوختۇر ئىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالىيالمىدى، ئۇ قەيسەر، جۈشقۇن ئىدى، لېكىن كېسەل ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. «چىكاگو مۇنبەر گېزىتى» ئىدېرنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى رەسمىي بىلەن بەردى ھەمدە 57 ياشلىق بۇ دوختۇرنىڭ دىئابېت كېسىلىنىڭ دەردىنى ئۇزۇن يىل تارتىپ، ئاخىر ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلىكىنى ئېنىق يازدى. مۇسىبەت خەۋىرى مۇنداق يېزىلغان: «كلارېنس ئىدېر ھېمىڭۋاي، دوكتور، ئوئاك پاركىنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى. تونۇگۈن كېنىلىۋورس شىمالىي كوچا 600 ـ نومۇرلۇق ئۆيىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇ دادىسى ئانسون. ت. ھېمىڭۋاي جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىدا ئىشلەتكەن 32 كالىبىرلىق تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالغان.»

بۇ ئىش گرېسقا بەك ئېغىر كەلدى، باشقىلار ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش دورىسى بېرىپ يۇرۇپ تەستە تىنچلاندۇردى. تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەكتەپتىن چاقىرتىپ كەلگەن كارول قاتتىق قايغۇردى، كېيۇستتا «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش» دېگەن ئەسەرنى ماشىنكىدا ئۇرۇۋاتقان سۇنلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئىش

دادىسىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغان ھېمىڭۋايغا تولىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. ئۇ خادىلپېيىنىڭ 1903 ـ يىلى دادىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى ھەقىقىي چۈشەندى. «بىر كۈنلەر كېلىپ مەنمۇ شۇنداق قىلىشىم مۇمكىن» دېدى ئۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ كاللىسىغا «مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىم مۇمكىن» دېگەن خىيال كىرىۋالىدىغان بولدى.

لېكىن، 1928 ـ يىلى دېكابىردا ھېمىڭۋاي دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ۋە بەزى ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەندىن كېيىن، زېھنىنى يىغىپ يېزىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىق ئىشىنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئىجادىيەت ئىدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن يۈرىكىدىكى قايغۇ ۋە ھېسداشلىقنى ئارتۇقچە بېسىۋەتكەنلىكىدىن بىر ئاز ئازابلىناتتى.

ھېمىڭۋاي دېكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى كېۋېستقا قايتىپ كەلدى، بەش ھەپتە مىختەك ئولتۇرۇپ «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش» دېگەن ئەسىرىنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقىپ، 1929 ـ يىلى 22 ـ يانۋار ئەسەرنى رەسمىي پۈتكەتتى. ھەمدە سۇنلى بىلەن پاۋلىنغا ماشىنىكىدا ئۇرۇشقا تاپشۇردى. ئۇ بۇ ئەسىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئوبدانراق بىر ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، بېلىق تۇتۇش ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا بىرنەچچە ئاغىنىسىنى كېۋېستقا تەكلىپ قىلدى. ئىيۇلدا ئۇ تاغىسى گۇسنىڭ «فورد» ماركىلىق ئۇستى ئوچۇق يېڭى ماشىنىسىنى ھەيدەپ پامپلوناغا كەلدى، ئۇ يەردە جىننى ۋە خىكوك بىلەن بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. 27 ـ سېنتەبىر، يەنى «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش» دېگەن ئەسىرى نەشردىن چىقىپ بىر ئايدىن كېيىن ئۇئولل ـ سترېت پاي چېكى بازىرىدا پاي چېكىنىڭ باھاسى بىردىنلا چۈشۈپ كەتتى. ھېمىڭۋاي ۋېلىسىپىت مۇسابىقىسى تەنھەرىكەتچىلىرى بىلەن بېرلىنغا كەلدى. يېڭى نەشردىن چىققان كىتابىنىڭ قەلەم ھەققىگە

نەشرىيات سودىگىرى كۆلشىنتىن پائۇل كېرلې سىزغان «ئالبېرتقا ئىكلەنگەن خاتىرە مۇنارى» ناملىق رەسىمنى سېتىۋالدى. كېيىن باسسوس ئىككىسى شۋېتسارىيىنىڭ مونتانا ــ ۋېرمالا دېگەن يېرىدىكى قىسقا مۇددەتلىك چاڭغا تېيىلىش سەپىرىدە مۇرفېلارنىڭ ئۆيىگە باردى. 3 ــ يانۋار، ھېمىڭۋاي «بوۋردنېر»ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ھاۋانا قايتتى، كېيىن ئۇچىنچى قىشنى ئۆتكۈزدى.

خادلىيدىن ئاجرىشىپ كېتىش، پاۋلىن بىلەن توي قىلىش، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىش، دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى، كېيىستتا ئولتۇراقلىشىپ قېلىش، «قورال ــ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش» دېگەن ئەسىرىنىڭ شۆھرەت قازىنىشى... مۇشۇ بىر قاتار ئىشلاردىن كېيىن، ھېمىڭۋاينىڭ خاراكتېرىدىكى پاسسىپلىق تەرەپ 30 ــ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئېنىقراق گەۋدىلىك بولدى. ھېمىڭۋاي پارىژدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەتتىن، تەربىيە كۆرگەن دوست ــ بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىزىقىشى بېلىق تۇتۇش ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا بۇرالغانىدى.

فلورىدا شتاتىدا بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن تەڭلەشكۈدەك ئادەم يوق ئىدى. شۇڭا، ئاغىنىلىرى ئۇنى بېشىدا كۆتۈرەتتى. ئۇ كېيىستقا كېلىشتىن ئىلگىرى باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشنى خالايتتى، كېيىن بولسا ئۆزىنىڭكىنىلا راست قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ كېيىستتا ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى قىزىرىدىغان ھەم سالاھىيەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان شەخسكە ئايلانغانىدى.

19 ــ ئەسىردىكى مارك تۋېنغا ئوخشاش، ھېمىڭۋاي ئۇلۇغ يازغۇچى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پايدا ــ مەنپەئەت قوغلىشىدىغانلارنىڭ ئىپى، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ قەھرىمانى بولۇپ قالغانىدى. ئەسەرلىرى بازارلىق ئەسەرلەر بولدى ھەمدە

ھوللىۋودنىڭ قىزىقىشىنى ئۆزىگە تارتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىغا ئايلاندى. لېكىن، دۋايت ماك دونالدنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، ئەگەر «ھېمىڭۋاينىڭ تۇرمۇشى، يېزىقچىلىقى، مىجەز ـ خاراكتېرى ۋە ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى پائالىيىتىنى بىر قىلىپتا، مۇكەممەل بىر ئەسەر دەپ قارىساق قاتتىق خاتالاشقان بولىمىز». ھەممە ئادەم رېئال تۇرمۇشتا شۇنداق بىر ئوبرازنى ــ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا، ئوۋچىلىقتا، مۇھەببەتتە ۋە يېزىقچىلىقتا كامالەتكە يەتكەن بىر ئادەمنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مۇشۇنداق بىر قەھرىمانلىق ئوبراز تىكلەش كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ رېئال تۇرمۇشتىكى ھېمىڭۋاي ئەمەس ئىدى. ھېمىڭۋاي ئاشۇ ئوبرازى بىلەن باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئوبراز ئۇنى يولدىن ئازدۇردى، ئاخىردا ۋەيران قىلدى.

ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى دائىم كۆپتۈرۈپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ مۇبالىغىلىرى، ئويدۇرمىلىرى ۋە قەھرىمانلىق ئوبرازى ياشلىق دەۋرىدە يازغان ئەسەرلىرىدىكى رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەردىن كەلگەن. ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ئەپسانە ئىجاد قىلىش بىلەن بىللە، ئەپسانىگە ئىشىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۆزى بىر خىل ئەپسانىۋى شەخس بولۇپ يېتىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نام ـ ئاتىقى كۆپتۈرمىچىلىكتىن كەلگەن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ كۆپتۈرمىچىلىككە ھەۋەس قىلاتتى. 1925 ـ يىلىلا ئېرنېستۋالش ھېمىڭۋاينى مەدھىيىلەپ مۇنداق شېئىر يازغان: «ئاتا، ئەسكەر، چامباشچى، تورېئادور، يازغۇچى، يېمەكلىكلەر مۇتەخەسسىسى، گۈزەللىك ئالىمى، باتۇر، ئۇ چىكاگو ئەتراپىدىن كەلگەن كاتتا شەخس.»

ئۇ ھايات چاغدا ئۇ توغرۇلۇق خىلمۇخىل رىۋايەتلەر ئاساسلىق ئورۇنغا چىقىپ، رېئاللىقتىكى ھەقىقىي ھېمىڭۋاينىڭ ئورنىنى دەسسىگەنىدى. كىشىلەر شۇنداق بىر نەرسىگە ئىشىنىپ قالغان:

«ھېمىڭۋاينىڭ تومۇرلىرىدا ئىندىئانلارنىڭ قېنى بار؛ ئۇ باس ئىسكىرىپكىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر يىل مەكتەپتىن قالغان؛ ئۇ ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، باللار بىلەن مۇشتلىشىپ ئويناۋاتقاندا، بىر كۆزىنى يارىلاندۇرۇۋالغان؛ ئۇ لۈكچەكلەر بىلەن ئارىلاشقان، ئارتىس قىز مېماش ۋە ئايال جاسۇس ماتتا خارى بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولغان؛ ئۇ ئىلگىرى ئىتالىيىلىك ئالدىتى بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلغان». لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھاراقكەشلىك، بوكس، ئوۋچىلىق، بېلىق تۇتۇش ۋە بۇزۇقچىلىق توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى بىر بولسا كۆپتۈرمە، بىر بولسا پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان.

ھېمىڭۋاي چاكىنا ۋە كىشىلەرنى نائۇمىد قويىدىغان ئەھۋاللارنى سىزىشكە باشلىغاچقا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭمۇ مەغلۇبىيەتكە ئوخشاشلا ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكۈشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ چۈشكۈنلىشىش خەۋپىنى ئېنىق سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ يولىنى تاپالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئەسەرنى ئايرىۋېتىشكە ئىزچىل تىرىشىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆزگە باھا بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلەر نەزىرىدىكى ھەر خىل ئوبرازى ئۈستىدە توختالغاندا، روبېرت كانتۋېلغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەقەت يازغۇچى بولۇشنىلا خالايمەن، قانداقتۇر ئۇرۇش قەھرىمانى، جېدەلخور، مەرگەن، ھاراقكەش دېگەندەك ناملاردىن تەمەيىم يوق. مەن ھەقىقىي بىر يازغۇچى بولۇپ چىقىشنى، باشقىلارنىڭ ماڭا شۇنداق باھا بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن.»

بىر ئادەمنىڭ يوشۇرغىنى دەل ئۇنىڭ ئۆز ماھىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھېمىڭۋاينىڭ خىلمۇخىل ئوبرازلىرى ئىچىدە ھەقىقىيسى ۋە ئەڭ مۇھىم بولغان بىر تەرىپى، مانا مۇشۇنداق بىر ئادەمدە كۆرۈلگەن، يەنى بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى پائالىيەتچى دېگەن تونىنىڭ ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان

سەزگۈرلۈكىنى يوشۇرغان. مال ـ دۇنيا ۋە نام ـ ئاتاقنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ھېمىڭۋاي 30 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئادەتتىكى بىر ئادەمدىن مەشھۇر شەخسكە ئايلاندى. بۇ ئۆزگىرىشتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش» دېگەن ئەسىرى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بازىرى كاسات بولۇپ قالدى. «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دېگەن ئەسىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېخىمۇ سېتىلمايدىغان بولدى. ئۇ گېئورگىي ئورۋېلغا ئوخشاش ئىزچىل شۆھرەت قازىنالمىدى، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي ئوبرازىنى تىكلىيەلمىدى. رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ھېكايىسى ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ھەقىقىي بىر سەنئەتكار شۇنىڭ بىلەن ۋەيران بولدى.

# سەككىزىنچى باب ئافرىقىغا سەپەر

ھېمىڭۋاي «ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن غالىب» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇلۇغ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقاندەك يېنىكلەپ قالدى. ئۇ «قۇياشمۇ كۆتۈرۈلدى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەمدى ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى شەرقىي ئافرىقىغا ئوۋغا بارالايدىغان بولدۇم» دەيدۇ. 1933 - يىلى تاغىسى گۇس ئۇنىڭ ئافرىقىنى ئايلىنىپ كېلىشى ئۈچۈن 25 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بەردى. ھېمىڭۋاي ماك لېيىش بىلەن ستروۋتنى بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلغانىدى، ھەر ئىككىسى ئۇنىمىدى. ئۇلار ھېمىڭۋاينىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسا بىرەر كۈنمۇ ئارام ئالالماسلىقىدىن ئەنسىرىگەنىدى. كېۋېستتىكى ئاغىنىسى چارلس تومپسون ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئافرىقىغا بېرىشقا قوشۇلدى. 7 - ئاۋغۇست جېيئانىي مارون تېخى دوختۇرخانىدىكى ۋاقىتتا، ھېمىڭۋاي ئەر - خوتۇن ئىككىسى ھاۋانادىن «تىنچ ئوكيان خانىشى» ناملىق پاراخوتقا چىقىپ سانتاندقا قاراپ يولغا چىقتى.

ھېمىڭۋاي بىلەن جېيئانىي مارون 1931 - يىلى سېنتەبىردە «فرانسىيە ئارىلى»ناملىق پاراخوتتا نيۇيوركقا كېتىۋاتقان سەپىرىدە تونۇشقان. جېيئانىي ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن، جۇشقۇن، بويى زىلۋا، كۆزلىرى زەڭگەر، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، يۇرۇش - تۇرۇشى سىپايە قىز ئىدى. كۇئولج ئۇنى ئاقسارايىنى زىيارەت قىلغان ئەڭ چىرايلىق قىز، دەپ ئاتايتتى. جېيئانىي ھاراقنى كۆپ ئىچەتتى، ماشىنىنى بولۇشىغا ھەيدەيتتى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە، بېلىق تۇتۇش، ئوۋ ئوۋلاش دېگەندەك نەرسىلەرگە قىزىقاتتى، قولىدىن

كەشتىچىلىك، ھەيكەلتىراشلىق كىلەتتى. ئۇ كېيىۋېستتا ھېمىڭۋاينىڭ يېرىم ھەيكىلىنى ياسىغان.

سىرتتىن قارىماققا، جېئاننى ئېرى گرانت بىلەن ئىناق ئۆتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، جېئاننى ئېرىنىڭ ئىغىر مىجەزىدىن بىزار ئىدى، شۇڭا كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان پائالىيەتلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى. گرانت خىزمەتتىن باش كۆتۈرمەيتتى، دائىم دېگۇدەك جېئاننىنى يالغۇز تاشلاپ سىرتلارغا چىقىپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇنى باشقۇرۇشقىمۇ ۋاقتى يوق ئىدى، ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى.

جېئاننى «مەلۇم ئىشنىڭ ئاخىرى» دېگەن ئەسەردىكى پېرسوناژ ماۋ جورىغا ئوخشايدۇ، «ئۇ بېلىق تۇتۇشقا قىزىقىدۇ، نىك بىلەن بىللە بېلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدۇ». ھېمىڭۋاي جېئاننى بىلەن 1932 ــ يىلى ئاپرېلدا كۇبادا تۇنجى قېتىم بېلىق تۇتقىلى چىققاندا چىقىشىپ قالغان. خۇددى ئاشۇ يىلى پاۋلىنغا چاڭغا تېيىلىشنى ئۆگەتكەندەك، جېئاننىغا بېلىق تۇتۇشنى ئۆگەتكەن. پاۋلىن بولسا ئەينى يىلى خادلېي ئوغلى بومبىغا قاراپ شىرۇنستا قالغاندەك، ئۇمۇ بالىلىرىغا قاراپ كېۋېستتا قالغانىدى. پاۋلىن جېئاننىنىڭ ئۆزىگە كۇشەندە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سەزگەن. جېئاننى ئۇنىڭدىن 14 ياش كىچىك، ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. پاۋلىننىڭ بالىلىرىمۇ جېئاننىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. پاۋلىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ھېمىڭۋاينىڭ ئۆز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تۆت يىلدىن ئارتۇق ساقلىدى، خادلېيغا ئوخشاش ھېمىڭۋاي بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلمىدى، ھېمىڭۋاينىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن بارلىقى ئامالىنى ئىشلەتتى.

1933 ــ يىلى 27 ــ ماي جېئاننى ماشىنا ۋەقەسىدە ئېغىر يارىلاندى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، يەنى ئېيۇننىڭ باشلىرى جېئاننى قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئىككىنچى قەۋەتنىڭ بالكونىدىن ئۆزىنى تاشلىۋالدى. لېكىن،

مەقسىتىگە يېتەلمىدى. مۇرە سۆڭىكى سۇندى. 1933 ـ يىلى ئاۋغۇستتىن 1934 ـ يىلى مارتقىچە ھېمىڭۋاي ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ياۋروپا ۋە ئافرىقىلاردا ساياھەتتە بولدى. ھېمىڭۋاي ئۆزلىرىنىڭ ساياھەتكە چىقماقچى ئىكەنلىكىنى جېئاننېغا ئېيتقان، جېئاننى شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆلۈۋالماقچى بولغان بولسا كېرەك. پاۋلىن ھېمىڭۋايىنى جېئانىنېدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئۇنى ئافرىقىغا ئەكەتمەكچى بولغان، ھېمىڭۋايمۇ جېئاننى يارىلانغاچقا ئۆزى بىلەن بىللە بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، خوتۇنىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغانىدى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ھېمىڭۋاي بىلەن جېئاننېنىڭ رومانتىك ھاياتى 1934 ـ يىل مايدا يەنە باشقىدىن باشلاندى. ھېمىڭۋاي كۇباغا بېرىپ، ئىيۇلدىن ئۆكتەبىرگىچە جېئاننى بىلەن بىللە تۇردى.

پاۋلىن جېئاننېنى ھېمىڭۋاينىڭ تۇرمۇشىدىن يوقىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، 1936 ـ يىلى ئىيۇندا جېئاننېنى گىنگرىچقا تونۇشتۇرۇپ قويدى. شۇ يىلى گىنگرىچ نيۇيوركتا جېئاننى بىلەن يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ يۈردى، كېيىن ئىككىسى توي قىلدى. 1938 ـ يىلى ئانتون مازون جېئاننېنىڭ گىنگرىچ بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ھېمىڭۋايغا ئېيتقاندا، ھېمىڭۋاي قاتتىق غەزەپلىنىپ: «ماۋۇ ئىپلاسنىڭ قىلغان ئىشىنى! مەن بۇ ئىشنى كەچۈرۈۋېتەلمەيمەن!» دەپ ۋارقىرىغانىدى. ھېمىڭۋاينىڭ بىر مىجەزى، بىر ئايالدىن زەربىگە ئۇچرىسا، دەرھاللا يەنە بىر ئايالنىڭ پېشىغا ئېسىلاتتى. ئۇ جېئاننېدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزۈن ئۆتمەيلا مارشا گېلفورن بىلەن چىقىشىۋالدى. خۇددى ئاگنېستىن ئايرىلغاندىن كېيىن خادلېي بىلەن، دافتىن ئايرىلغاندىن كېيىن پاۋلىن بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش.

ئافرىقىغا قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 22 ـ نويابىر ئۇلار «گېنېرال مۇرچىنگ»ناملىق پاراخوت بىلەن مارسېلدىن يولغا چىقىپ، سوۋېيش قانىلى ئارقىلىق ھىندى

ئوكيانغا كىردى، مونباساغا 8 ـ دېكابىر يېتىپ باردى. خېمىڭۋاي ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، ئۇلار ياخشى بىر ئاق تەنلىك ئوۋچىنى تېپىۋالدى. پېرتىمىۋال ئىسىملىك بۇ ئوۋچى سوممېرشتتا توغۇلغان، بىر توغقان ئۈچ قېرىنداشنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئېيىغا 1000 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېلىپ ۋىنستون چېرچىل ۋە روزۋېلتلارغا ھەمراھ بولۇپ ئوۋچىلىق قىلغان. «يېشىللىقتا پۈركەنگەن ئافرىقا تاغلىرى» دېگەن ئەسەردىكى پاۋپ دەل پېرتىمىۋالنىڭ ئوبرازى.

خېمىڭۋاي ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئافرىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مونباسادىن نايروبىغا باردى، پېرتىمىۋالنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئەتراپىدا بىرنەچچە كۈن ئوۋ ئوۋلىدى، 20 ـ دېكابىر جەنۇبقا سەپەر قىلىپ تانگانىكادىكى سېرىنگېتى تۈزلەڭلىككە باردى. ئۇ يەردىكى كىلىمانجارو تېغىدا ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئىش ماك لېيىش بىلەن ستروتىنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك بولۇپ چىقتى، خېمىڭۋاي بىلەن تومپسون ئوۋچىلىقتا رىقابەتلىشىپ قالدى. پاۋلىنمۇ ئوۋچىلىققا ياردەملەشتى. خېمىڭۋاي بىر شىرنى ئېتىۋالدى، بۇنىڭدا پاۋلىنىنىڭ چوڭ تۆھپىسى بار ئىدى. پاۋلىن ئېرىنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭغا تارتىپ تۇرۇشىنى تىلەپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ تۇراتتى، لېكىن ئوۋچىلىق ئىلاھى تومپسونغا يان بېسىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئولجىلىرى سەرخىل ئىدى.

1934 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئوتتۇرىدا، خېمىڭۋاي ئېغىر ئامېبا دىزىنتېرىيىسى بىلەن ئاغرىپ ئوۋچىلىق ساياھىتىنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندىلا بۇ كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالغانىدى. باشتا ئۇنىڭ چوڭ تەرىتىدىن قان كېلىپ يۈردى. ئۇ بۇنى گېمروي بولۇپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىدى. كېيىن ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پېرتىمىۋالنىڭ ياردەمچىسى بىر شەخسىي

ئايروپىلان تېپىپ كەلدى. ئۇلار ھېمىڭۋاينى نايروبىغا قايتۇرۇپ كەلدى.

ھېمىڭۋاي يامغۇر پەسلى يېتىپ كەلگۈچە ئافرىقىدا 72 كۈن تۇردى، ئۈچ شىر، بىر ياۋا كالا، يەنە باشقا ھايۋانلاردىن 27 نى ئېتىۋالدى. فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ئۇلار مونباسانىڭ شىمالىدىكى مۆلىنىد دېگەن بويىغا كېلىپ بىر ھەپتە بېلىق تۇتتى. كېيىن نيۇيوركقا پاراخوت بىلەن كېلىۋېتىپ مارلىن دىيتترىچ بىلەن تونۇشۇپ قالدى.

ھېمىڭۋاي كېۋىستقا قايتىپ كېلىپلا «يېشىللىقتا پۈركەنگەن ئافرىقا تاغلىرى» دېگەن ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئوۋچىلىقتا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆردى. لېكىن بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ ئوۋچىلىق جەھەتتىكى خاس تەسىراتى ئەمەس، ئەڭ دەسلەپكى ھېسسىياتى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش تەلەپپۇزىدا مۇنداق دەيدۇ: «يازغۇچى مۇتلەق رېئاللىقنى ئاساس قىلغان بىرەر ئەسەر يازماقچى بولۇپ، بىر دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى ۋە بىر ئاي ئىچىدىكى پۈتۈن پائالىيەتنى ئەينەن يازسا، توقۇلما ئەسەردىن ياخشى چىقامدۇ ـ يوق، بۇنىڭغا ئەستايىدىل قاراپ بېقىش كېرەك». بىراق، سېلىشتۇرۇپ باقساق، ئۇ ئەسەر كونرادنىڭ «قاراڭغۇلۇقنىڭ مەركىزى» دېگەندەك ئەسەرلىرىگە، گرېننىڭ ھېكايە تۈسىنى ئالمىغان «خەرىتە ئالماي قىلغان سەپەر» دېگەن ئەسەرلىرىگە يەتمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

# توققۇزىنچى باب ئىسپانىيە ئۇرۇشى

ھېمىڭۋاي كۆڭلىنى ئاساسەن بېلىق تۇتۇش ۋە سىرتلارنى ئايلىنىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ كېۋىستتا ئۆزىگە بىر كېمە ياسىتىپ، ئۇنىڭغا «پىللال» دەپ نام بەردى. ھېمىڭۋاي بۇ كېمە بىلەن پەقەت پۇلدارلارلا بارالايدىغان يەرلەرگە بېرىپ بېلىق تۇتتى. 1936 ـ يىلى ئاپرېلدا ئۇ ئىسسىق بەلۋاغ ئارىلى بېمىنىنى بايقىدى. ئۇ يەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئاھالىسى نېگىرلار ئىدى، ئاساسەن چوڭ باخاما ئارىلى ئەتراپىدا تىرىكچىلىك قىلاتتى. ھېمىڭۋاي بېمىنىدا مىكلېرنا بىلەن تونۇشۇپ قالدى. مىكلېرنانىڭ نيۇيوركتا نورغۇن كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى بار ئىدى. ئۇ ھەم ئۇستا بېلىقچى ۋە ئوۋچى ئىدى. ئۇ بېمىنىدىكى تاغ ئۇستىگە جايلاشقان ئۆيىنى ھېمىڭۋايغا ئىجارىگە بېرىپ تۇردى.

ھېمىڭۋاي بېمىنىدىكى ۋاقتىدا يەنە بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا ھەۋەس قىلىدىغان، قول ئىلكىدە بار كاتتا بايۋەچچە تومى بىلەن تونۇشتى. ھېمىڭۋاي تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرىدىغان، پۇل ـ بايلىقنى بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا سەرپ قىلىشتىن ئايانمايدىغان داڭلىق شەخسلەرنى ياخشى كۆرەتتى. 1936 ـ يىلى سېنتەبىردە ئۇ جەنۇبىي ئامېتوندا دەم ئېلىۋاتقان تومىنى ۋئىومىڭغا كۆل رەڭ ئېيىق ئوۋلاشقا ئاپاردى. ھېمىڭۋاي ماختانچاق، تەنقىدكە ئۆچ ئىدى. ئۇ «بارى ۋە يوقى» دېگەن ئەسىرىنى تومىغا ئوقۇپ بېقىشقا بەرگەندە، تومى ئەسەرنىڭ ياخشى چىقمىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېمىڭۋاي بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولدى.

ھېمىڭۋاي ئۆزىنى ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئەڭ

ئۇلۇغ يازغۇچىسى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1932 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «چۈشتىن كېيىنكى ئۆلۈم»دىن 1938 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بەشىنچى كالونىنا»غىچە بولغان ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تەنقىدكە ۋە زەربىگە ئۇچرىغاندا، ئۇ ئەكسىچە تېخىمۇ يوغان سۆزلەيدىغان، تېخىمۇ سوقۇشقاق بولۇپ كەتتى. مەيلى كىم بولسۇن، ئەخمەقلىق قىلىپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان بولسا، ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئۇلاردىن قوپاللىق بىلەن ئۆچ ئالاتتى. 1935 ـ يىلى مايدا ئۇ ژۇرنال نەشرىيات سودىگىرى گوجور ناپېيرنى قاتتىق ئۇردى، 1939 ـ يىلى يانۋاردا ستوك كۇلۇبىدا بىر ئادۋوكاتنى ئۇردى.

ھېمىڭۋاي فلورىدادا قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ زېرىككەندى، ئىسپانىيىگە بارغاندىن كېيىن باشقىچە روھلىنىپ كەتتى، بۇ دۆلەتنى، ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە خەلقىنى چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ قالدى. 1936 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇل فالانگنىڭ فاشىستىك گۇرۇھى بىر قېتىملىق ئەكسىلئىنقىلابىي پائالىيەتتە جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بېشارىتىنى بېرىپ قويدى. ھېمىڭۋاي مارشانىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن ئۇچىنچى قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشماقچى، جۇمھۇرىيەتچىلەر ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە تۆھپە كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇ ماتېبۇ جورىفلىنغا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ كېيىنكى چىرايلىق كېمەم ۋە تۇرالغۇ ئۆيۈم ئەمەلىيەتتە پاۋلىنغا تەۋە. مەن بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇپ قالسامۇ بولاتتى، لېكىن بۇ يەردە تۇرمۇشىنىڭ قىزىقى قالمىدى، قىلغۇدەك ئىشىممۇ يوق. شۇڭا كەتمىسەم بولمايدۇ... بەلكىم ئىسپانىيىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ پارات باشلانغان بولۇشى مۇمكىن.»

پاۋلىن ئۇنىڭ كېتىشىگە قارشى ئىدى. ھېمىڭۋاي ئۇرۇشنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، پاۋلىن ئۇنىڭ يەنە ئۇرۇشتا يارىلىنىپ ياكى جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. پاۋلىن

كاتولىك مۇرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن فىلانگىنى قوللايتتى، جۇمھۇرىيەتچىلەرگە قىلچە ھېسداشلىقى يوق ئىدى. چۈنكى، جۇمھۇرىيەتچىلەر دىنىي جەمئىيەتكە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. پاۋلىن ئۆزىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرۇۋاتقان نىكاھ تۇرمۇشىدىنمۇ ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتاتتى. ھېمىڭۋاي مارشا بىلەن ئىسپانىيىگە بىللە بارسا، ئۇنىڭ مارشاغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، دەپ قارايتتى. لېكىن، مارشا ئىسپانىيىگە بارىدىكەن، ھېمىڭۋايمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بارماي قالمايتتى.

ھېمىڭۋاينىڭ مارشاغا بولغان مۇھەببىتىنى ئۇ قاتناشقان ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مارشاغا بولغان مۇھەببەت كەچۈرمىشى بىلەن پاۋلىنغا بولغان مۇھەببەت كەچۈرمىشى ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مارشامۇ پاۋلىنغا ئوخشاش ياش، جازىبىلىك، ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە، زامانغا لايىق ياسىنىپ يۈرىدىغان قىز ئىدى. ئۇ ھېمىڭۋاينىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىردى. ھېمىڭۋاينىڭ خوتۇنى ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرگەندە، مارشا ھېمىڭۋاينىڭ تەنتەربىيە ترېنېرى بولدى. ئۇ تېخى ھېمىڭۋاينىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى چىرايلىق كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ خەتمۇ يازدى. ئۇ ھېمىڭۋاي بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ يۈردى. لېكىن، پاۋلىن بۇنى ئاخىر سېزىپ قالدى. ئۇ چىرايلىقچە يول تۇتتى، تۇرمۇشىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن، ئېرىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ كېلىشكە بار كۈچى بىلەن تىرىشتى. بىراق، ئاشنا ئاخىر خوتۇندىن ئۈستۈن كەلدى. ھېمىڭۋاي مارشا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنى خوتۇنىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار ھېس قىلىپ، بىرەر قۇربانلىق ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى تاپماقچى بولدى.

1937 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، شىمالىي ئامېرىكا

گېزىت بىرلەشمىسىنىڭ دىرېكتورى خامۇبلېر ھېمىڭۋاينىڭ ئىسپانىيىگە بارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر توختام تۈزۈش تەكلىپىنى بەردى. ھەربىر تېلېگرامما خەۋەر ئۈچۈن 500 دوللار، پوچتىدىن يوللانغان ھەربىر پارچە خەۋەر ئۈچۈن 1000 دوللار بەرمەكچى بولدى. خەۋەرنىڭ سانى چەكلەنمەيتتى. ھېمىڭۋاي ئۆز ۋاقتىدا ئىتالىيە ئۈچۈن قان تۆككەن، مانا ئەمدى ئىسپانىيە ئۇرۇشىنى يېزىش ئۈچۈن يەنە بىر خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئىسپانىيىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ ئىككى پىدائىي خادىمىنىڭ يول خىراجىتىنى تۆلىدى ھەمدە 1500 دوللارغا بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسى سېتىۋالدى.

ھېمىڭۋاي بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى، گېرمانىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق ئۇرۇش ئۈچۈن ئادەملىرىنى ۋە قوراللىرىنى سىناق قىلىۋاتقانلىقىنى باشتىلا ھېس قىلغانىدى ھەمدە ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا بىتەرەپ ئورنىدىن ۋاز كەچمەي، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيە ئوڭ قاناتلارنى قوللاپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇلارمۇ سولچىلارنى قوللاپ تۇرۇۋالسا، جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. 1933 ـ يىلى ئىيۇلدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ئېتىقادىنى مۇسسولىنىنى ئاكتىپ قوللاپ كېلىۋاتقان جاھىل پوۋندقا ئېيتىپ، دۆلەت توغرىسىدىكى بارلىق ئۇقۇملاردىن نەپرەتلىنىمەن، ئۆزۈمنى دۆلەتنىڭ ئالدىدا قىلچە مەجبۇرىيىتىم بار دەپ قارىمايمەن ھەم ئۇنىڭدىن بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشىش تەمەيىممۇ يوق، تەشكىللىك دۆلەت بيۇروكراتلارنى، ئادالەتسىزلىك ۋە ئېزىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەيدۇ.

1937 ـ يىلى يانۋاردىن فېۋرالغىچە ھېمىڭۋاي نيۇيوركتا جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ تەشۋىقات فىلىمى «ئوت ـ يالقۇن ئىچىدە قالغان ئىسپانىيە»گە چۈشەندۈرۈش سۆزى يازدى. بۇ فىلىم

فىلاڭگىنى قوللاشنى مەزمۇن قىلغان ھۆججەتلىك فىلىمدىن قوپاللىق بىلەن كېسىپ قۇراشتۇرۇلغانىدى. فىيۇرالنىڭ ئاخىرلىرىدا ھېمىڭۋاي سىدنېي فرانكلىن ۋە ئىۋان سىپپىمانلار بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ پارىژغا باردى. پارىژدا سورېتا سولانو ۋە كونا ئاغىنىسى، «نيۇيوركلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى جېنىت فلاننېر بىلەن ئۇچراشتى. 16 ـ مارت ئۇ ئايروپىلان بىلەن تولۇزادىن ۋالېنسىيىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن ھارۋا بىلەن مادرىدقا باردى. 22 ـ مارت ئۇ «كان ئىشچىلىرى» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتقان مارشا بىلەن كۆرۈشتى. «مەن سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، خېنىم، ـــ دېدى ھېمىڭۋاي ئۇنىڭغا، ـــ شۇڭا ھەممە ئىشنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كەلدىم». لېكىن، ھېچقانداق ئىشنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرمىغىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى.

ھېمىڭۋاي مارشانىڭ ئۇرۇشتىكى قەيسەرلىكى ۋە سەۋرچانلىقىنى ماختىدى ۋە بەزى خەتەرلەرنى مارشاغا ئەسكەرتىپ قويدى. ھېمىڭۋاينىڭ نام ـ ئابرۇيى، دوستلۇققا سادىقلىقى، ئۇچۇر ـ خەۋەرلەرگە بايلىقى، ئۇرۇشقا بولغان چۈشەنچىسى، ئىسپانىيە ھەققىدىكى بىلىملىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە تۈگىمەس قىزىقارلىق ھېكايىلىرى مارشادا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ھېمىڭۋاي گرانۋىيىدىكى فلورىدا مېھمانخانىسىدا مارشا بىللە تۇرۇپ، كۆڭۈللۈك ھاياتىنى باشلىدى.

ئىسپانىيىدە ھېمىڭۋاي توغرۇلۇق ھەممە ئادەمنىڭ قارىشى بىردەك ئىدى، ئۇنى قەيسەر، جۇمھۇرىيەتچىلەر ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى چىقىرىۋاتىدۇ، دەپ تەرىپلىشەتتى. ئۇ مۇخبىر بولغاچقا، ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى، خالىغان ۋاقىتتا ماشىنا ئىشلىتەلەيتتى، ئەركىن ھەرىكەت قىلالايتتى. ئۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلىرىنى ھازىرقى ۋاقىتلىرىغا سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىتالىيە ئۇرۇشى ۋاقتىدا مەن تېخى ئۆسمۈر ئىدىم، ئۇرۇشتىن قورقاتتىم، ئىسپانىيىگە كېلىپ ئىككى

ھەپتىدىن كېيىنلا ئۇرۇش دېگەندىن قورقماس بولۇپ كەتتىم. كۆڭلىرىم ناھايىتى كۆتۈرۈڭكۈ ئۆتتى.»

ھېمىڭۋاينىڭ ئىسپانىيىگە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى خەۋىرى جۇمھۇرىيەتچىلەرنىڭ گۋادالاخارا ۋە برىھۇگادا ئىتالىيە ئارمىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىغا بېغىشلاندى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى خەۋىرى 1922 ـ يىلى تۈركىيىدە «تورونتو كۈندىلىك چولپان گېزىتى»گە يازغان خەۋەرلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى، ئۇ خەۋەرلەرگە كونكرېت ئىشلارلا يېزىلغان، ئۇ ئىشلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنمىگەنىدى. ئۇ ئىسپانىيىدە يازغان خەۋەرلىرىگە ھەر خىل مەنزىرىلەرنى، ھەربىي ھەرىكەتلەرنى، ئۇلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى، ئاددىي پۇقرالارغا بولغان تەسىرىنى ۋە شەخسلەرگە باغلىنىدىغان نۇرغۇن تەپسىلاتلارنى كىرگۈزدى. ھېمىڭۋاي ئىسپانىيىدە نۇرغۇن دوست تۇتتى. فلورىدا مېھمانخانىسى چەت ئەللىك يازغۇچىلار يىغىلىدىغان يەر ئىدى. ئۇ فرانسىيىلىك ئىنتىلىشچان يازغۇچى مولرو، شائىر نېرۇدا ۋە ئارىبدى، روسىيىلىك مۇخبىر كولتسوف، ئېرېنبورگلار بىلەن ئۇچراشتى يەنە كىشىلەر ئانچە بىلمەيدىغان قەھرىمان شەخس مايور روبېرت مېررىمان بىلەن تونۇشتى. روبېرت مېررىمان بېرتقا قىلىنغان ئاخىرقى ھۇجۇمغا رەھبەرلىك قىلغانىدى. «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دىكى روبېرت جوردان دەل مۇشۇ مايورنىڭ ئوبرازى.

ھېمىڭۋاي 1937 ـ يىلى ئىيۇندا «بارى ۋە يوقى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ تۈگىتىپ، سېنتەبىرنىڭ بېشىدا ئىسپانىيىگە ئىككىنچى قېتىم سەپەر قىلدى. ئۇرۇش ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، فلانگ شىمالىي دېڭىز قىرغىقىنى ئىگىلەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىۋالغانىدى. 1937 ـ يىلى كۈزدە فلورىدا مېھمانخانىسى بومباردىمانغا ئۇچرىغاندا، ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئوپېراسى «بەشىنچى كالوننا»نى يازدى. بۇ ئوپېرانىڭ ئەڭ قىزىقارلىق يېرى،

хېمىڭۋاي ئۇنىڭدا ئۆزى بىلەن مارشانى يازغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوپېرادىكى ئىسمى روللىنس ۋە دوروتى ئىدى. 1940 ـ يىلى باھاردا ئىسپانىيە جۇمھۇرىيەتچىلىرى مەغلۇپ بولدى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلاندى. «بەشىنچى كالونىنا» نيۇيورك گىلىدىېر تىياتىرخانىسىدا ئاشكارا قويۇلدى. ئوپېرا تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، جەمئىي 87 مەيدان قويۇلدى.

хېمىڭۋاي ئەسكەر ئەمەس، مۇخبىر، ئۇرۇشقا بىۋاسىتە قاتناشقۇچى ئەمەس، ياندىن كۆزەتكۈچى ئىدى. ئۇ ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاشقا ئىسپانىيىگە بېرىپ نۇرغۇن خەتەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۇلۇغ بىر تەۋەككۇلچىلىك ـــ مەسىلەن، سىياسىي تۈس ئالغان ئوۋچىلىق ساياھىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنى زىيانغا ئۇچراتقىنى، ئۇنىڭ ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئېرىشكەن خەۋەرلىرى ۋە يازغۇچىلارغا خاس خىياللىرى ئىدى. بۇ تەرىپى مارشا بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان جەرياندا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەندى. ئۇنىڭدا ئورۋېلدەك سىياسىي سەزگۈرلۈك يوق ئىدى. ئۇ قوللاپ كېلىۋاتقان تەرەپ ئىسپانىيە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىياسىيغا بولغان قىزىقىشى بىراقلا يوقالدى. لېكىن ئۇ ئۆتكۈر سەزگۈرلۈكى ۋە كۈرەش قىلىش نىشانىغا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئىسپانىيە ئۇرۇشىغا دائىر ئۇلۇغ بىر ئەسەرگە ئايلاندۇردى.

## ئونىنچى باب مەلۇم ئىشنىڭ ئاخىرى

ھېمىڭۋاي ئەسلىدە پاۋلىن بىلەن ئاجرىشىدىغان ئىشنى تارتىشىپ يۈرمەي كەسكىن بىر تەرەپ قىلىۋەتمەكچى ئىدى، لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. بۇ ئىش سۆرىلىپ ئاخىرىغا چىقماي، ئۇنىڭ ئىچىنى بەكلا سىقتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولمىسىمۇ، يېزىقچىلىقنى توختىتىپ قويمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى «قۇياشمۇ كۆتۈرۈلىدۇ»، «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش»، «كىلىمانجارودىكى قار» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە يۇرەكلىك ھالدا كىرگۈزدى. ئۇ «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىنىدۇ» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى 1939 ـ يىلى كارىب دېڭىزى بويىدا ۋە روككى تېغىدا يازدى. ئۇ ئىلگىرى بىرەر ئەسەر يازماقچى بولسا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ساياھەت قىلىپ يۈرۈپ يازاتتى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدى.

1928 ـ يىلى كېۋېست ئارىلىغا بارغاندىن كېيىن، ھېمىڭۋاي كۇباغا دېڭىز ئارقىلىق ئۆتۈپ تۆت سائەت يېزىقچىلىق ۋە بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغانىدى. شۇڭا، 1939 ـ يىلى كۇباغا كۆچۈپ بارغاندا، بۇ ئارال ئۇنىڭغا يات بىلىنمىدى. ئۇ ھاۋانادا 20 يىل تۇردى. ھاۋانا ئوئاك پاراكىنىڭ ئەكسىچە ئىدى. بۇ يەردىكىلەر لاتىن تىلى ئىشلىتەتتى، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ يەر ئىسسىق بەلۋاغ رايونىغا كىرەتتى، ۋەزىيىتى مۇقىم ئەمەس، جىنايەت ۋە چىرىكلىكنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى.

كەسلەنچۈك شەكىللىك بۇ ئارالنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېمىڭۋاينى ھەقىقىي رازى قىلدى. ئۇ «ئىستىراھەت» دېگەن

www.uyghurkitap.com

ژۇرنالدا «يېشىل دەريا» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، كۇبالىقلارنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ماختىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ كۇباغا نېمىشقا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇ ھاۋانانىڭ سالقىن تاغ ـ ئېدىرلىرىنى، ئېتىز ـ قىرلىرىنى، ئۇچار قۇشلىرىنى ۋە ھەر خىل كۆكۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. كۇبانىڭ غەيرىي قائىدە ـ يوسۇنلاردىن خالىي مۇھىتى ئۇنىڭغا تىنچ ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىش شارائىتى يارىتىپ بەرگەنىدى. بۇ يەرگە يەنە ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر ھۆكۈمىتىگە ئىزچىل سادىق بولۇپ كەلگەن قاچقۇنلارمۇ يىغىلغانىدى. ئۇلار بۇ يەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئىسپانىيە پۇرىقىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغانىدى.

بۇ يەردە مەدەنىي تۇرمۇش يوق دېيەرلىك ئىدى، ھېمىڭۋاينى يازغۇچى دەپ بىلىدىغانلارمۇ يوق ئىدى. ھېمىڭۋاي بۇ يەردىكى كېمىچى ۋە قاۋاقخانىدىكى ياشلارنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ كەتتى، ئۇنىڭ دەۋردىشى خارت كلايننىڭ ھاياتىنى ۋەيران قىلغان بۇ يەردە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشىدى، فىرورىتا قاۋاقخانىسى ھاۋانانىڭ كونا شەھىرى مورروبۇرگقا يېقىن ئىدى. ھېمىڭۋاي بۇ قاۋاقخانىنى بەكلا ياخشى كۆرەتتى، بۇ قاۋاقخانىمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن ئەتراپقا تارقالغانىدى. بۇ كونا پاسوندىكى قاۋاقخانا ئىدى، ئىچى ئازادە، تورۇسىدا شامالدۇرغۇچ بار ئىدى، ئۈچ مۇزىكانتلا ساز چالاتتى. ھېمىڭۋاينىڭ كونا دوستى، ئاروست ئىسىملىك پاھىشە قىز دائىم مۇشۇ يەردە بولاتتى.

1939 ـ يىلى باھار مارشا ھاۋانانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 12 مىل كېلىدىغان دىباۋراچاردىن ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇسى نەزەر قورۇقىنى تاپتى. ئۇزۇندىن بېرى تاشلىنىپ قالغان بۇ قورۇق ئىسپانىيە مۇستەملىكە دەۋرىدىن قېلىپ قالغانىدى، سۇ ئۈزۈش كۆلى، تېننىس توپ مەيدانى، 15 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. قورۇق 468 فۇت ئېگىزلىكتىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان، شاماللىق، يەسكە قارىسا پايتەختنىڭ ھەممە يېرى كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. ھېمىڭۋاي باشتا بۇ قورۇقنى رودگېر داۋنىڭ قولىدىن ئېيىغا 100 دوللار ئىجارە بىلەن ئۆلتۇرغانىدى. 1940 ـ يىلى دېكابىردا ھېمىڭۋاي «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى»نىڭ قەلەم ھەققىنى ئالغاندا، 12 مىڭ 500 دوللارغا بۇ جاينى سېتىۋالدى.

ھېمىڭۋاي ھاۋاناغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئارىلىشىدىغان ئادەملىرى يازغۇچى ۋە رىقابەتچىلەر ئەمەس، ماتروس ۋە ساياھەتكە ئامراق كىشىلەر بولدى. ئۇنىڭ كۇبادىكى دوستلىرىنى ئىككى قاتلامغا ئايرىشقا بولاتتى. بىرى، قول ئىلكىدە بار، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بايلار ئىدى. ئۇلار ئاساسەن بىلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا قىزىقاتتى، كۆپرەك ئىنگلىز تىلىنى ئىشلىتەتتى. يەنە بىر خىلى ئۇنىڭ ئادەتتە ئارىلىشىدىغان دوستلىرى ئىدى، ئۇلار ئىسپان تىلىنى ئىشلىتەتتى. مېنوكار، ئاگرېس، سانچېسلار ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى ھېسابلىناتتى. بۇ ئاغىنىلىرى ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىلىپ، كۈنلىرىنى بىكارچىلىقتا ئۆتكۈزەتتى، ئايال خەق بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى، ھېمىڭۋاينىڭ ئوۋچىلىق ھەۋىسىگە ھۆرمەت قىلاتتى.

ھېمىڭۋاي 1939 ـ يىلى مارتتىن 1940 ـ يىلى ئىيۇلغىچە ئىسپان تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ يۈرۈپ، «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دېگەن ئەسىرىنى يازدى. بۇ ئىسپانىيە ئۇرۇشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن ناھايىتى ياخشى ئەسەر ئىدى. ئۇ ئافرىقا توغرىسىدا ئادەتتىكى روماندىن بىرنى، ياخشى ھېكايىدىن ئىككىنى يازدى، ئىسپانىيە ئۇرۇشى توغرىسىدا سۈپەتتە ئادەتتىكىچە ھېكايىدىن بەشنى، ئۇلۇغ روماندىن بىرنى يازدى. قارىغاندا، ئۇ ئوخشاش بىر كەچۈرمىشتىن ئوخشىمىغان ژانىردىكى ئىككى ئەسەرنى ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقالمايدىغان بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ھېمىڭۋاينىڭ ئۇرۇشقا خېلى كۆزى پىشىپ قالغانىدى. ئۇ ئۇرۇشنى قاتناشقۇچى

سۈپىتىدە ئەمەس، ياندىن كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە كۆزىتىشىنى ئۆگىنىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشمىغان، لېكىن ئۇرۇشنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئامېرىكىلىقلارغا ئۇرۇشنى ئەينەن، جانلىق يورۇتۇپ بەردى. ئۇ يەنە بىر ئۇرۇشنىڭ پات ئارىدا پارتلايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئىسپانىيە ئۇرۇشى توغرۇلۇق ئەسىرىنى تېزرەك تۈگىتىۋېتىشكە ئالدىرايتتى.

ئۇ بۇ قېتىمقى ئەسىرىنى مارشاغا بېغىشلاشنى، ئۇنى پاۋلىن بىلەن بىللە ئۆتكەن چاغلاردا يازغان ھەرقانداق ئەسەردىن ياخشى يېزىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ «ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىلھامدىن كېلىدىغانلىقى»غا ئىشىنەتتى، ئىسپانىيە جۇمھۇرىيەتچىلىرى مەغلۇپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ غايىلىرىنى يەنىلا مەدھىيىلەشنى ئويلايتتى. «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش» دېگەن ئەسەردىن «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دېگەن ئەسەرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.

«ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دېگەن ئەسەر نەشرىيات تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، نەشردىن چىقىپ بەش ئاي ئىچىدىلا 500 مىڭ نۇسخا سېتىلدى. بۇ ئەسەرگە ئوبزورچىلارنىڭ باھاسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولدى. نۇرغۇن ئوبزورچىلار، بۇ ئەسەردە يازغۇچىنىڭ «بارى ۋە يوقى» دېگەن ئەسەردە قىلغان ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، ئۇنىڭدا يېڭى بىر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئاڭ تىكلەنگەن، دەپ قارىدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېمىڭۋاينىڭ 30 ـ يىللاردىكى ئەسەرلىرىگە بولغان ئۈمىدسىزلىكى يوقالدى، يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى شۆھرىتى ئەسلىگە كەلدى.

1939 ـ يىلى ھېمىڭۋاي ئاخىر پاۋلىندىن ئايرىلدى ۋە ئۆز ۋاقتىدا كېيۋېستتىن كۇباغا كۆچۈپ كەتكىنىدەك، بۇ قېتىممۇ ۋيئومىڭدىن ئايداخوغا كۆچۈپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم بىر خوتۇن

ئالماشتۇرغاندا تۇرۇشلۇق ئورنىنىمۇ ئالماشتۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى ھاۋانا ۋە كونا كان رايونىدىكى كايچېمدا ئۆتكۈزدى. 1939- يىلى يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارغا — مارشا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كۇباغا، ئايداخوغا كۆچۈش، «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دېگەن ئەسەرنى يېزىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە پاۋلىن بىلەن ئايرىلىش جەريانىدىكى كۆڭۈلسىز ئىشلار ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇ بۇ قېتىممۇ خادلېي بىلەن ئاجراشقان چاغدىكىگە ئوخشاش ئازابلارغا دۇچار بولدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پاۋلىننى ئۈچراتقاندىن كېيىن خادلېي بىلەن بومبىغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ تەۋرىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىگەندى، مانا ئەمدى پاۋلىندىن ئايرىلغاندا، پاۋلىن ئۆز ۋاقتىدا خادلېي ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ ئايرىۋەتكەن، ئەمدى شۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. «ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ» دېدى ئۇ پاۋلىنغا.

1939 - يىلى دېكابىرنىڭ ئاخىرىدا، ھېمىڭۋاي كېۋېست ئارىلىغا بېرىپ، توبېيبۇلۇسقا پاۋلىن تاشلاپ كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتتى. ئۆزىنىڭ ساندۇق، چامادان ۋە كىتابلىرىنى بىر قاۋاقخانىغا ساقلىتىپ قويدى. ئۇ نەرسىلەر قاۋاقخانىدا 20 يىل تۇردى. 1961 - يىلى كۈزدە ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا، مارى ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتتى.

ھېمىڭۋاينىڭ ھاياتىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قايتا - قايتا تەكرارلانغان مۇنداق بىر تەرەپ بار، يەنى ئۇ بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقسا، ئالدى بىلەن بىر قۇربانلىق تالالاپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «باللىق دەۋرىدىكى بەختسىزلىكى»نى ئاپىسىدىن كۆرىدۇ، ئاپام ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇمغا يول قويمىدى، دادامنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىغىمۇ ئاپام سەۋەبچى بولغان، دەيدۇ؛ خادلېي بىلەن

ئاجرىشىپ كەتكەن ئىشنى پاۋلىن بىلەن مۇقى ئەر ـ خوتۇندىن كۆرىدۇ؛ پاۋلىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى جىننى فېيففېردىن كۆرىدۇ. كېيىن يەنە مارشا مېنى سولاخچى ئورنىدا كۆرۈپ، باشقىلار بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ يۈردى، دېگەن گەپنى كۆتۈرۈپ چىقتى، پاۋلىنىنىڭ ئۆلۈشىگە پۈتۈنلەي گرېگورى سەۋەبچى بولدى، دېدى.

1943 ـ يىلى ھېمىڭۋاينىڭ مارشاغا بولغان مۇھەببىتى سۇسلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ھېمىڭۋاي ئۆزىنى پاۋلىنىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ گۇناھكار ھېس قىلدى. ئاخىر بېرىپ، ئۈچ قېتىملىق نىكاھدا مەغلۇپ بولۇشۇم ئۆزۈمنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان ئوخشايدۇ، دېگەن يەرگە كەلدى. ئۇ ماركس پېركىنىسقا يازغان خېتىدە شۇنداق دەيدۇ: «پاۋلىنىدەك ياخشى ئاياللارمۇ (ئاھ خۇدا، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئايال ئىدى) كۆڭلىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە سېنىڭ (مەن ئۆزۈمنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن) ئىشلىرىڭ سەۋەبچى بولغان.»

# ئون بىرىنچى باب نەزەر قورۇقى ۋە جۇڭگو

1940 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ھېمىڭۋاي يەنە بىر قېتىم خوتۇن يېڭىلىدى ۋە يېڭى ئەسەر يېزىپ چىقتى، بۇ 1929 ـ يىلى پاۋلىن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىققىنىغا ئوخشاش ئىدى. «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىنىدى» دېگەن ئەسەر ئۇنىڭ تالانتىنى ئەڭ نامايان قىلىدىغان، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئالغان خوتۇنلار ئىچىدە مارشا ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئەقىللىق ئىدى. لېكىن ئۇ مەيلى نىكاھ ئىشى ياكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بولسۇن، باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىللىقنى ساقلىيالمىدى. مۇشۇ بىر يىلدىمۇ ئۇنىڭ ھەر ئىككى ئىشى تەتۈرىسىگە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ئىسپانىيە توغرىسىدىكى ئەسىرى ئۇنىڭ 10 يىل ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇ مارشا بىلەن رەسمىي توي قىلغان چاغدا بولسا، ئۇلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋاقىتلىرى ئاخىرلىشىپ قالغانىدى.

ھېمىڭۋاي نىكاھ ئىشىدا نەچچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىم بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندا، بۇ ئايال بىلەن چوقۇم بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ كېتەلەيمەن، دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇ توختىماي خوتۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان، بىر خىللا تۇرمۇشقا كۆنمەيتتى. ئۇ بۇنى ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ: «ئاياللار ئىشىغا كەلگەندە كاللامدا راستتىنلا چاتاق بار، ماڭا خوتۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسام بولمايدىغاندەكلا بىلىنىدۇ». ئۇنىڭ يەنە ئېتىپ قويىدىغان يەرلىرىمۇ بار: «مەن خوتۇنلارنىڭ سىرخىلىنى

تاللاپ ئالىمەن». خادلېي ئۇنىڭدىن سەككىز ياش چوڭ، پاۋلىن ئۇنىڭدىن تۆت ياش چوڭ. لېكىن مارشا ئۇنىڭدىن توققۇز ياش كىچىك. مارشا ئۇنىڭ بوي ـ بەستىگە كۆيۈپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانمۇ؟ ھېمىڭۋاي كېيىنكى ۋاقىتتا بۇنىڭغا ئۆزىمۇ بىر نېمە دېيەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھېمىڭۋاينىڭ نام ـ شۆھرىتى بۇ جۇشقۇن يازغۇچى قىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ئىدى.

ھېمىڭۋاي يالغۇز ياشاشقا كۆنمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك، مارشا دائىم سىرتلارغا چىقىپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن ھېمىڭۋاينىڭ ئىچى سىقىلاتتى، مارشادىن نارازى بولاتتى. مارشا يوق چاغلاردا ھېمىڭۋاي ئۇنى سېغىناتتى، مارشا قايتىپ كەلگەندە بولسا ئۇنىڭغا نارازىلىقىنى تۆكەتتى. 1943 ـ يىلى مىلاد بايرىمى، مارشا ئەنگلىيىگە كەتكىلى ئىككى ئاي بولغاندا، ھېمىڭۋاي ماك لېيىشقا يازغان خېتىدە شۇنداق دەيدۇ: «مەن مارشانى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن. مارشا كەتكەندىن بېرى شۇنداق غېرىبسىنىپ كېتىۋاتىمەن، ئۆزۈمنى بۇ ئالەمدە يالغۇز قالغاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن. راست، ھازىر مېنىڭ كۆزۈمگە مارشادىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام تۈگەشكىنىم شۇ». ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندا، ھېمىڭۋاي مۇرفىغا ئازابلانغان ھالدا شۇنداق دەيدۇ: «مەن تىرازى ئەڭ يۇقىرى ژۇرناللاردا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىغان خوتۇنغا ئەمەس، تۇرمۇشتا ماڭا ھەمراھ بولالايدىغان خوتۇنغا موھتاج ئىدىم». ھېمىڭۋاي كۆبادا شۇنچىلىك يالغۇزچىلىق تارتقان بولسىمۇ، لېكىن مارشاغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمىدى.

ھېمىڭۋاي بىلەن مارشا ئايرىلىپ كەتسە بىر ـ بىرىنى سېغىناتتى، بىر يەردە بولسا پېتىشالمايتتى. ئائىلىدە جېدەل ـ ماجىرا ئۆكسۈمىگەچكە، مارشامۇ يول چىقىپ قالسىلا سىرتلارغا

قاچاتتى. يەنە بىرى، ھېمىڭۋاينىڭ ئېگىز ـ پەس ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى پاراكەندە قىلىپ نىرۋىسىغا تېگەتتى. ئۇلارنىڭ چېقىشالماسلىقىدىكى يەنە بىر ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب، ھېمىڭۋاي ھاراقنى كۆپ ئىچەتتى. ئۇ نۇرغۇن ئامېرىكا يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش ھاراقكە خۇمار ئىدى، ئۇنى ھاردۇق چىقىرىدىغان، ئادەمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى ئالىدىغان ئەڭ ياخشى دورا دەپ قارايتتى. 1940 ـ يىلى، ئۇ ئىسپانىيىدە تولىمۇ جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، سىجىل يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ھاراققا تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتى.

مارشا ھېمىڭۋايغا سادىق ئىدى، لېكىن ئۇلار جىنسىي تۇرمۇشتا ماسلىشالمايتتى. روبېرت جويىتس مارشاغا، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدىغىنى ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نام ـ شۆھرىتى ئىكەنلىكىنى پۇراتقانىدى. راست، مارشا ھېمىڭۋاينى ياخشى كۆرۈپ ئەمەس، ئۇنىڭ نام ـ شۆھرىتىگە ھەۋەس قىلىپ تەگكەن.

ھېمىڭۋاينىڭ ئالدىنقى ئىككى خوتۇنىدىن ئۈچ ئوغلى بار ئىدى، شۇڭا مارشانى بىر قىز تۇغۇپ بەرسە دېگەن ئارزۇسى بار ئىدى. بىراق، مارشا پۈتۈن زېھنىنى ھېكايە ۋە ئۇرۇش خەۋەرلىرى يېزىشقا قاراتقان، يەنە كېلىپ، ئۇ تاشقى قىياپىتىگە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. بەلكىم ئۇ قورساق كۆتۈرسەم ئىسكەتىم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، دەپ ئەنسىرىگەن ياكى بولمىسا ھېمىڭۋاي بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسا كېرەك. شۇڭا، ھېمىڭۋايدىن بالا يۈزى كۆرۈشنى خالىمايتتى. ئۇ ئەدەبىياتنى تۇرمۇشتىنمۇ مۇھىم بىلىدىغانلەك ئىدى. 1941 ـ يىلى ئۇ «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دېگەن ئەسەر ئۈستىدە توختالغاندا شۇنداق دەيدۇ: «ھېمىڭۋاينىڭ بۇ ئەسىرى ناھايىتى ياخشى چىققان، ئۇنى كۆرۈش بالا كۆرۈشتىنمۇ كۆڭۈللۈك». ئۇرۇشتىن كېيىن مارشا بىر بالا بېقىۋالدى. «بالىنى سېتىۋالغىلى بولغاندىكىن، تۇغۇپ نېمە جاپا.

www.uyghurkitap.com

مەن ئۇنداق جاپا تارتىشنى خالىمىدىم» دەيدۇ. ئۇ هېمىڭۋاي ئۆز ۋاقتىدا بالا ئېلىشنى خالىمىغاچقا، خادلېي بىلەن پاۋلىن قورسىقىدىكى بالىنى نەچچە قېتىم ئالدۇرۇۋەتكەنىدى. مانا ئەمدى هېمىڭۋاي بالا ئالىمەن دېگەندە، مارشا كەينىگە تارتىپ تۇرۇۋالدى. بۇمۇ قىزىق ئىشكەن.

1941 ـ يىلى يانۋار ئۇلار ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ كەتكەندە، ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ـ جېدەل ۋاقتىنچە بېسىقىپ قالغاندەك بولدى، بۇ ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغان چاغ ئىدى. ئۇلار ئىسپانىيە ئۇرۇش دەۋرىدىكىگە ئوخشاش، يەنە بىر قېتىم جۇڭگو ئۇرۇش قاينىمى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مارشا «كان ئىشچىلىرى» ژۇرنىلىغا ئەسەر يېزىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندا، هېمىڭۋاي «تىنچ ئوكيان پوچتا گېزىتى»نىڭ مۇخبىرلىق ئىشىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ مەخسۇس ئېقىم مەسىلىلىرى خەۋەر قىلىنىدىغان گېزىت بولۇپ، ئېلان بېرىلمەيتتى. هېمىڭۋاينىڭ ۋەزىپىسى ئىستراتېگىيە، ئىقتىساد ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىش، جياڭ جېيشىنىڭ ياپونىيە ئۇرۇشىغا بولغان ئەھۋالىنى كۆزىتىش، شۇ ئارقىلىق جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ئامېرىكىنىڭ شەرقتىكى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلار مەنپەئىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئىدى. ئەينى چاغدا جۇڭگودا ئۇرۇش بولۇۋاتقىنىغا تۆت يىل بولغان، جۇڭگونىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسىم زېمىنىنى ياپونلار ئىشغال قىلىپ بولغانىدى.

هېمىڭۋاي ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى 30 مىڭ مىللىق ئۇزۇن سەپەرنى ھەم ھاياجان، ھەم ھارغىنلىق ئىچىدە بېسىپ تۈگەتتى. ئۇلار 1941 ـ يىلى فېۋرالدا «ماسوننىيە» ناملىق پاراخوتقا ئولتۇرۇپ سان فرانسىسكودىن ئايرىلغان، دېڭىزدا بوران ـ چاپقۇنغا ئۇچراپ ھونونولۇغا بېرىپ چۈشتى. فېۋرالنىڭ ئاخىرىدا، ئۇلار ئايروپىلان بىلەن گۇئام ئارىلى ئارقىلىق

شىياڭگاڭغا باردى، جيۇلۇڭنىڭ يېرىم ئارال مېھمانخانىسى ۋە بىر يېزا مېھمانخانىسىدا بىر ئاي تۇردى. ھېمىڭۋاي ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىياڭگاڭنىڭ مۇھىتىغا كۆنۈپ كەتتى، ئۇ يەرنىڭ تاماق، ھاراق، ئوۋچىلىق ۋە بەيگە مەيدانلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدى.

25 ـ مارت ئۇلار جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىگە قىلىدىغان سەپىرىنى باشلىدى. ئايروپىلان بىلەن شىياڭگاڭنىڭ شىمالىغا قاراپ بىر يېرىم سائەت ئۇچۇپ، قاتمۇقات تاغلار ۋە ياپونلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، نەنشيۇڭ دېگەن يەرگە بېرىپ چۈشتى. نەنشيۇڭدا ئۇلارغا سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن ما ئەپەندى تەرجىمان بولدى. ئۇلار جەنۇبقا قاراپ يەتتە كۈن ماڭدى. بارغانلا يېرىدە ئادەمنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىدىغان ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى كۆردى. ئۇلار قۇرۇقلۇقتا بەزىدە ماشىنا بىلەن بەزىدە ئاتلىق ماڭدى، سۇ يولىدا پاراخوت بىلەن يۈردى. يول ئۈستىدە گۇاڭجۇ ئالدىنقى سېپىدىن ئۆتتى. گۇاڭجۇ شىياڭگاڭنىڭ يېنىدىلا، شىياڭگاڭغا ئەڭ يېقىن بولسىمۇ، يەنىلا گومىنداڭنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۇلار نەنشيۇڭدىن شاۋگۇەنگە ساق بىر كۈندە ئاران يېتىپ باردى. ئۇ يەرنىڭ يولى بەك ناچار ئىدى. ئۇلار ئۇ يەرنىڭ بۇتخانىلىرىنى ئۈچ كۈن ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۆلكە باشلىقى ۋە يەتتىنچى ئۇرۇش رايونى قوماندانى بىلەن تاماقتا بىللە بولدى.

ئۇلار بىر كونا يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، ئۈچ سائەتتە ئاران 35 مىل يول بېسىپ بېيجياڭغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردىن بىر كىچىك كېمىگە ئولتۇرۇپ ۋاڭبۇغا كەلدى. بۇ گۇاڭجۇ ئالدىنقى سەپ 12 ـ لىنىيە ئارمىيىسىنىڭ باش شتابى تۇرۇشلۇق ئورۇن ئىدى. ئاشكارا ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، جۇڭگو ـ ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش ۋاقىتلىق توختىغانىدى. ئۇلار ئوفىتسېرلارنى مەشىق قىلدۇرۇش گازارمىسىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ھېمىڭۋاي ئوفىتسېرلار بىلەن ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچتى، 14 ئوفىتسېر مەست بولۇپ يىقىلىپ قالدى،

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇ يەنىلا تىنك ئولتۇردى. مارشاغا بۇ يەرنىڭ تازىلىقى بەكلا ناچار بىلىندى. سۇ كەمچىل، ھەممە يەرنى ئەخلەت باسقان، ئەتراپتىن گەندى پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. مارشا بىر دوستىغا شۇنداق دەپ بېرىدۇ: «جۇڭگونىڭ ئەھۋالى بەك ناچار ئىكەن، ھەممە يەردە نامراتلىق، ئادەملىرىنىڭ چىرايىنى غەم باسقان، قارىسا ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ.»

ئۇلار يەنە كېمىگە ئولتۇرۇپ شاۋگۇەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ يەردىن پويىز بىلەن گۈزەل گۈيلىن شەھىرىنىڭ مەينەت بىر مېھمانخانىسىغا چۈشۈپ، ئاندىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ يىراق غەربىي شىمالدىكى چۇڭچىڭغا باردى. ئۇلار بىر دوستىنىڭ ۋەيرانە ئۆيىدە ئىككى ھەپتە تۇردى. بۇ ئارىلىقتا جياڭ جېيشى ۋە ئۇنىڭ ۋېلېسلېي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان خانىمى ئۇلارنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. تاماق ۋاقتىدا جياڭ جېيشى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ ياپونلارغا قارىغاندا كوممۇنىستلاردىن بەكرەك قورقىدىكەن. جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىگە قىلغان سەپىرىدە ئۇلارغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى جۇئېنلەي بىلەن بولغان مەخپىي كۆرۈشۈش بولدى. مارشا جۇئېنلەي توغرۇلۇق توختىلىپ: «ئۇ بىز جۇڭگودا ئۇچراتقان بىردىنبىر ھەقىقىي ياخشى ئادەم» دەيدۇ. ئۇلار ۋاشىنگتوندا قىلغان دوكلاتىدا، كوممۇنىستىك پارتىيە جۇڭگودا ئاخىر ھاكىمىيەتنى قولغا ئالىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ھېمىڭۋاي ئاشۇ قېتىم جۇڭگوغا قىلغان جاپالىق ھەم كۆڭۈلسىز سەپىرىدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ جۇڭگوغا قىزىقىپ كەتمەيتتى، پەقەت مارشاغا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈنلا بارغانىدى. ئۇ جۇڭگودا تۇرغان زېرىكىشلىك كۈنلەردە ھەقىقىي ئۇرۇشنى كۆرمىدى، ئۇنىڭغا مەنىلىكرەك باشقا نەرسىلەرمۇ ئۇچرىمىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىنى، ھاياجىنىنى قوزغىغۇدەك بىرەر ئىشمۇ بولمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، جۇڭگونى چۈشەنمىگەچكە، جۇڭگو توغرۇلۇق قولغا چىققۇدەك بىرەر پارچە-

ئەسەرمۇ يازالمىدى.

شەرقتە قىلغان سەپەر ھېمىڭۋاينىڭ تۇرمۇشىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر مەزگىل پەسكويغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمىدى. ئادەتتە ئۇ سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلىپ يېڭى كەچۈرمىشلەرگە ئىگە بولسا، تۇرۇشلۇق ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، بىرەر يېڭى خوتۇنغا ئېرىشسە، بىرەر يېڭى ئەسەر يېزىۋالسا، شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن يېڭى ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كېتەتتى. لېكىن بۇ قېتىمقى سەپەردىن كېيىن ئۇ ئۆزۈنىغىچە جىمىپ كەتتى. كۇباغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسى تېخىمۇ ئازلاپ، مەدەنىي تۇرمۇشتىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە باللىرىدىن يىراق تۇرغاچقا، ئۆزىنى تېخىمۇ غېرىب ھېس قىلدى. ئىسسىق بەلۋاغنىڭ مەنىسىز تۇرمۇشى ئۇنى تېخىمۇ ئازابلايتتى. مارشا سىرتلارغا چىقىپ كەتكەندە، ئۇ ئەڭ يېقىن ھەمراھىدىن ئايرىلىپ قېلىپ تولىمۇ غېرىبسىناتتى، مارشا ئۆيدە بولسا، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا ئۆكسۈمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچىنچى قېتىملىق نىكاھى بۇزۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، ئۇنىڭدا زېھنىنى يىغىپ يېزىقچىلىق قىلغۇدەك كاللا قالمىدى.

«ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىنىدى» دېگەن ئەسەر ئۇنىڭغا يۇقىرى نام ـ شۆھرەت ئېلىپ كەلدى ھەم ئۇنىڭ ئالدىغا يېڭى بىر مەسىلىنىمۇ قويدى. ئۇ بۇ ئەسەرنى يېزىپ تۈگەتكۈچە ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ بولغانىدى، شۇڭا، ئەمدى ئۇنىڭدەك ياخشى ئەسەر يېزىپ چىقالماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر بېسىم بولدى، ئۇ ھاراققا تېخىمۇ بېرىلىپ كەتتى. ئۇ ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، يېزىقچىلىق قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىچەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن ئورۇشقا قاتناشماقچى بولدى. ئۇ جاسۇسلار تورى تەشكىللەش

www.uyghurkitap.com

پائالىيىتىگە قاتناشتى. دېڭىزغا چىقىپ دۈشمەننىڭ سۇ ئاستى كېمىسىنى ئىزدىدى، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىگە ئاراملىق تاپتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن يېزىقچىلىقتىنمۇ مۇھىم بىلىندى.

ھېمىڭۋاي يېزىقچىلىق قىلالماي ئىچى پۇشقانسېرى، مارشا ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش تېخىمۇ كۈچەيدى. دەل شۇ كۈنلەردە مارشا كۈچەپ بىر رومان، ئۈچ ھېكايە يېزىپ چىقتى، ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدە ھېمىڭۋاينىڭ ئوبرازى بار ئىدى. ھېمىڭۋاي بۇ «رىقابەتچى» سىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن تىت ـ تىت بولاتتى، مارشا بولسا ئۆزىنىڭ ھېمىڭۋاينىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىدىن جىلە ئىدى. چۈنكى ئۇنى ئەدەبىي تەتقىدچىلەر ئاسانلا كۆرۈۋالالايتتى.

كۈز كەلدى، ياۋروپادا ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتاتتى. لېكىن، ھېمىڭۋاينىڭ ئۇنىڭغا ئارىلاشقۇسى كەلمىدى. ئۇ ئىسپانىيە ئۇرۇشىغا جېنىنى سېلىپ بەرگىلى تاس قالغان، پاۋلىن بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىنكى كۆڭۈل يارىسى تېخى ساقايمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن قاتتىق ھاردۇق يەتكەن، ئاندىن جۇڭگوغا قىلغان جاپالىق سەپەردىن كېيىن ئۇرۇشتىن قورقۇپ قالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ئورنىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىنى دۆلەتنىڭ گۆھىرى دەپ قارىدى، ئۇ ئۆزىنى ئاسرىماسا بولمايتتى.

# ئون ئىككىنچى باب قەيسەر جەڭچى

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ھېمىڭۋاي كۇبادا تۇردى. ئۇ ۋاقتىنى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش ۋە ھاراق ئىچىش بىلەنلا ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ياستۇق قىلىپ ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، قەلەمنى پۈتۈنلەي تاشلىغانىدى، نېمە ئىش قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى. كۇبادىن ئايرىلمايمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ تۆھپە يارىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندە بولسا، ئۇ بىر شەخسىي جاسۇسلۇق تەشكىلاتى قۇرۇپ، گۇئام ئاراللىرىدىكى ناتسىستلارنىڭ ئەھۋالىنى توپلىدى. ئۇ دائىم باشقىلارغا، بۇ تەشكىلاتنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا قۇرۇپ قويدۇم، دەيتتى. تەشكىلاتنى «ئالدامچى زاۋۇت» دەپ ئاتايتتى. مارشا ۋە ھېمىڭۋاينىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز ئىش دەپ قارايتتى.

لېكىن، ئىتتىپاقداش تەكشۈرۈش بيۇروسىدىكىلەر ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇلار ھېمىڭۋاينىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر تەھدىت دەپ بىلەتتى. ھېمىڭۋاي توغرۇلۇق يېزىلغان 124 بەتلىك تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ ئۆزىلا بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئويلىغان يېرىدىن چىقماي، كۆلكىلىك ئەھۋالدا قالدى. ئەمما بۇ دوكلات ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزى، ئامېرىكىنىڭ ھاۋانادا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى، ۋاشىنگتوننىڭ گوۋۋيوەن ئىتتىپاقداش تەكشۈرۈش بيۇروسىدىكىلەرنىڭ بۇ «ئالدامچى زاۋۇت»قا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ھېمىڭۋاي جاسۇسلۇق تەشكىلاتى قۇرۇشنىڭ خەتەرلىك ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئىلگىرى ئارىلىشىپ باقمىغان بىر قىسىم ئادەملەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىشقا توغرا كەلدى. 1942-يىلى ئۆكتەبىردە ئۇ دۇراننى ئۆز خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە قىزىقتۇردى. دۇران مىجەز ـ خاراكتېرى چۈشىنىكسىز، تەجرىبىسى مول ئادەم ئىدى. ئۇ ھېمىڭۋاينىڭ تۇرمۇشى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۇبادىكى ھەمكارلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقىنى بۇزۇپ قويىدى، يەنە كېلىپ بۇ ھەمكارلىق دۇراننىڭ ھاياتىغا يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ھېمىڭۋاينىڭ ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن پەزىلەتلىرى بار ئىدى. ئۇ بەدەن قۇرۇلۇشى كېلىشكەن، بەستلىك، قەيسەر، زېرەك ھەم قىزىقچى ئىدى. لېكىن، كۇبادا تۇرۇۋاتقاندا ئۇنىڭ قىزىقچىلىقلىرىمۇ بىر يەردە قېلىپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى ئۆزى تۆكىدىغان سۆيۈق مىجەز ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى تەسۋىرلىگەن توربېئادور مارىلاغا ئوخشاش «تەكەببۇر، زەھەرخەندە، ئاغزى يامان، ھاراقكەش» بولۇپ قېلىۋاتاتتى. دۇران ھېمىڭۋاينىڭ كۇبادىكى ئىشلىرىدىن رازى ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاق مىزانىنى قوللىمايتتى، فاشىستلارنى قوللايدىغان ئاغىنىلىرىنى ياخشى كۆرمەيتتى. دۇران سالاپىتىنى ساقلاپ يۈرىدىغان، تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئىدى، شۇڭا ھېمىڭۋاينىڭ ئەرلەرگە بەكلا يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىشى، ئاغزىدىن چىرايلىق گەپ چىقماسلىقى، خىزمەتكارلىرىغا قوپاللىق قىلىشلىرى ئۇنىڭ دىتىغا سىغمايتتى. دۇران ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى نەزەر قورۇقىدا تۇرۇۋاتقاندا، ھېمىڭۋاينىڭ خۇدىنى يوقاتقۇدەك ئىچىۋېلىپ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، يېقىن ئاغىنە بولسىمۇ، بۇ ئىشلار دۇراننىڭ كۆڭلىگە ياقمىغانىدى. كېيىن بىر قېتىملىق تاماق ئۈستىدە، ھېمىڭۋاي كونسۇل ۋە

روبېرت جويىتسىنىڭ ئالدىدا دۇرانىغا ھاقارەتلىك گەپلەرنى قىلىپ قويىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ئۈزۈلگەن بولدى.

40 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھېمىڭۋاينىڭ جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ۋە ئىستىپاقداش تەكشۈرۈش بيۇروسى بىلەن بولغان زىددىيىتى ئۇنىڭ بىر ئۇرۇندا جىم تۇرالمايدىغان، ئويلىماي ئىش قىلىدىغان، ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمايدىغان مىجەزىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇ ئىستىپاقداش تەكشۈرۈش بيۇروسى بىلەن بولغان تۇنجى ئېلىشىشتا غەلىبە قازانغان، «ئالدامچى زاۋۇت» قۇرۇلۇپ سەككىز ئايدىن كېيىن تارقىتىۋېتىلگەن، ھېمىڭۋاي سۇ ئاستى كېمىسىنىڭ ئىزىغا چۈشۈش خىزمىتىنى يەنە باشلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئىستىپاقداش تەكشۈرۈش بيۇروسى تاكى ئۇ ئۆلگۈچە ئۇنىڭغا بولغان نارازىلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇلار ھېمىڭۋاينى قاچۇرۇپ قويماپتى. ئۇ توغرۇلۇق ماتېرىيال توپلاپ، ئۇنىڭغا قول سېلىشنىڭ پەيتىنى كۈتەتتى. ئىستىپاقداش تەكشۈرۈش بيۇروسىدا ئۇنىڭ ئارخىپى بارغانسېرى قېلىنلاپ باراتتى.

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ كۇبا دېڭىز تەۋەلىكىگە تەھدىت سالالمايدىغانلىقىغا كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىن، ھېمىڭۋاينىڭ سۇ ئاستى كېمىلىرىنىڭ رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسىمۇ ئاخىرلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنىڭ باشقا يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ مارشانىڭ تەكلىپى بىلەن ئىختىيارى مۇخبىر بولدى. ھېمىڭۋاي 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە خۇددى ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاش، ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئامېرىكا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانىدى. ئۇ كەسپىي جەھەتتە مارشا بىلەن رىقابەتلىشىپ، مارشاغا ياخشى تەسىر بېرىش ئۈچۈن، لوندون ۋە پارىژ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ھېچنېمىگە قارىماي پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلدى. لېكىن، ئۇ يازغان خەۋەرلەرنىڭ سالمىقى يوق ئىدى. ئۇ پۈتۈن

زېھىن ـ كۈچىنى خەۋەر يېزىشقا ئەمەس، ئۇرۇشقا قاراتقانىدى. ئۇ ئۆز ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ قورال ـ ياراغ تېپىپ، ئۇرۇشقا بىۋاستە كىرىپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى ئابرۇيى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. ئۇ ياۋروپادا تۇرغان 10 ئاي جەريانىدا مارشا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى. ئۇ ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ تەركىبىدە پارىژغا غەلىبىلىك كىرىپ، گېرمانىيىگە بۆسۈپ كىرگەندە، ئۇنىڭ مارى ۋېلىش بىلەن بولغان ئالاقىسى قويۇقلىشىشقا باشلىدى.

خۇددى ھېمىڭۋاي ئۆزى ئېيتقاندەك، ئۇ بىر مەيدان «ياخشى ئۇرۇش»قا قاتناشقانىدى. «بۇ يەتتە ئايلىق (1944 ـ يىلى ئىيۇندىن دېكابىرغىچە) ئۇرۇش ھاياتىم ئۆمرۈمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋاقىتلار بولدى» دەيدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن، ئۇ ئۇرۇش توغرىسىدا بۈيۈك بىر تىرىلوگىيە يېزىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. لېكىن، ئاخىردا ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن ئالتە پارچە قىسقا خەۋەر ۋە «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش» دېگەن ئەسەرنىڭ بىر قىسمىنى يېزىش بىلەنلا توختاپ قالدى.

ھېمىڭۋاي پىيادە ئەسكەرلەر ئوفىتسېرى سۈپىتىدە ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى، ئاندىن ئەمەلىي كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن خەۋەر يازاتتى. ئۇ خەۋەر يېزىش بىلەن ئەستايىدىللىق تەلەپ قىلىدىغان يېزىقچىلىقنى ئېنىق ئايرىپ قارايتتى. خەۋەرلەرنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يازاتتى. خەۋەرنىڭ سۈپىتى مەزمۇنى بىلەن ئەمەس، ھېمىڭۋاينىڭ نام ـ شۆھرىتى بىلەن ئۆلچىنەتتى.

ھېمىڭۋاي ئۇرۇشقا ئامراق ئىدى. قىرغىنچىلىق ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى، ئۇرۇشنى بىرخىل كۆڭۈللۈك پائالىيەت ئورنىدا كۆرەتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئۇنىڭ قانخورلۇق خۇمارىنى باستى. ئۇ ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردىن مۇنداق قانائەت ھاسىل قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆلۈمنىڭ تەبىئىي تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىپ ئۆتتى، بالىلىق دەۋرىدىن

باشلاپلا بىلىق، ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئۆگەنىدى. ئىسپانىيىدە ئەسكەرلەرنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆردى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بولسا ئۆز قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈردى.

ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە ھېمىڭۋاينىڭ جىنىمىدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ، دەيدىغان ئەندىشىسى يوقالدى، ئىسپانىيە ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئالاھىدە زىرەكلىكى ۋە ئېھتىياتچانلىقىمۇ تۈگىدى. ئۇ قەيەردە خەتەر بولسا شۇ يەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇنىڭ تۇرلۇك مۇرەككەپ سەۋەبلىرى بار ئىدى. بىرى، ئۇنىڭدا تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى بار ئىدى، ئۆلۈمنى پىسەنتىگە ئالمايتتى، يەيدىغان رىزقىم بولسىلا ھەرگىز ئۆلمەيمەن، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ھەرقانچە خەتەر بولسىمۇ ئۆزىنى ئۇرۇپ، باشقىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنى ئويلايتتى. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى.

1944ـ يىلى 28 ـ ئۆكتەبىر ھېمىڭۋاي ئامېرىكا ئىستراتېگىيە ئاخبارات ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن ئايروپىلاندىن پاراشوتتا سەكرەپ، فرانسىيە ئىشغالىيىتىدىكى رايونغا چۈشكەندە يارىلىنىپ، گېرمانىيە ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. 1945 ـ يىلى مايدا ئاندىن قويۇپ بېرىلدى. ئۆكتەبىردە ھېمىڭۋاي پارىژدا مارشا بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى. ھېمىڭۋاينىڭ مىجەزى تۇراقسىز، تۇرۇپلا مۇلايىملىشىپ قالسا، تۇرۇپلا قوپاللىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ھېمىڭۋاينىڭ ئاغىنىسى جون گروس ئۇلار بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولۇپ قالدى. جون گروس ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن قاتتىق ھەيران بولدى. ھېمىڭۋاي فرانسۇزچىغا تازا راۋان ئەمەس ئىدى، ئۇ فرانسۇزچە سۆزلىسىلا، مارشا تۇزىتىش بېرىپ تۇرۇۋالاتتى. ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، ھېمىڭۋاينى بىردەم ئۇ ئىشقا، بىردەم بۇ ئىشقا بۇيرۇيتتى. ھېمىڭۋاي باشتا سىنىڭ راست دەپ بەردى، كېيىن نېرۋىسى ئۆرلىدى بولغاي، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى مېھمانىنىڭ ئالدىدا

جېدەلگە چۈشتى.

3 ـ نويابىر مارشا ئاجرىشىپ كېتىشنى ئۈتتۈرىغا قويدى. ھېمىڭۋاي بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا پاكىتىنى بۇرمىلاپ، ئاجرىشىش تەكلىپىنى مەن ئوتتۇرىغا قويدۇم، دەپ قويتى. ئۇ كۆڭلىدە ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلۇشىغا بىر تاغار سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقتى: مارشا كەسىپ بىلەنلا بولۇپ كەتتى، يېزىقچىلىقتا ھېمىڭۋاي بىلەن رىقابەتلەشتى، ھېمىڭۋاينى يالغۇز تاشلاپ سىرتلارغا تولا چىقىپ كەتتى. ھېمىڭۋاينىڭ ئىجادىيىتىگە ھەمدەم بولۇپ يېنىدا ئولتۇرۇپ بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېمىڭۋاينىڭ ئىجادىيىتىمۇ تاشلىنىپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھېمىڭۋاي مارشاغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ ئۆزلىرى بىۋاسىتە قاتناشقان ئۇرۇش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ھېمىڭۋاي دېكابىردا ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قېلىپ قان تۈكۈرۈپ يۈردى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ مارشا بىلەن ئېگىز ـ پەس بولۇپ يۈرگىنىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ليۇكسېمبۇرگ شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا 10 مىل كېلىدىغان يەردىكى راۋدونبۇرگقا مىلاد بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ كېلىشكە ئېلىپ باردى. ئۇ ھېمىڭۋاينىڭ كېسىلى ئوبدانلا ئېغىر چاغلار ئىدى. ھېمىڭۋاي لانغامنىڭ ھۇجرىسىدا مارشا بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كېچىنى بىللە ئۆتكۈزدى. لانغام مارشاغا ھەسەت قىلاتتى ھەم ئۇنىڭ ھېمىڭۋايغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئەيىبلەيتتى.

ھېمىڭۋاي ئاخىر مارشا بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىلگىرىكى خوتۇنلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، مارشادىن ئايرىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر زەربە بولدى. مارشا جۇشقۇن، ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان رومانتىك ئايال ئىدى. ھېمىڭۋاي ئىلگىرىكى ئاياللىرىغا قارىغاندا مارشانى بەۋقۇلئاددە ياخشى كۆرسە كېرەك. مارشا ئۇنىڭ ھاياتىدا ئىرادە

ۋە قابىلىيەت جەھەتتە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئاپىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭغا ئوچۇق ـ ئاشكارا قارشى چىقالىغان بىردىنبىر ئايال ئىدى.

1945 ـ يىلى يانۋارنىڭ باشلىرىدا، ھېمىڭۋاي پارىژدىكى مارىنىڭ يېنىغا بارغان چاغدىمۇ، مارشاغا بولغان كۆڭۈل رىشتىسى تېخى ئۈزۈلۈپ بولمىغانىدى.

مارى ھېمىڭۋايغا ياتلىق بولۇش ئىشىدا ئىككىلىنىپ قالدى. ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنى تېخىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويدى. فېۋرالنىڭ بىر كۈنى، ھېمىڭۋاي مارىنىڭ ئاۋستىرالىيىلىك ئېرىنىڭ رەسىمىنى چېلەككە سېلىپ، تاپانچا بىلەن ئېتىپ، چېلەكنىمۇ قوشۇپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. مارى بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسا قانداق كۈنلەرنى كۆرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يەتتى. مارىنىڭ كەچۈرمىشى ھېمىڭۋاينىڭ ئالدىنقى ئۈچ خوتۇنىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، ھېمىڭۋاينى تارتىدىغان يېرىمۇ شۇ ئىدى. مارى مىننېسوتا شتاتىنىڭ شىمالىدىكى بىر كىچىك بازاردا چوڭ بولغان، ياسىنىپ ـ تارىنىشقا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى. مارى ھېمىڭۋاينىڭ ئالدىنقى ئۈچ خوتۇنىغا ئوخشاش ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان، خادلېيدىن باشقا ئىككى خوتۇنىغا ئوخشاش مۇخبىر ئىدى. ھېمىڭۋاي خادلېي بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندىلا ئۇنىڭغا: «سىز دەل مەن تۇرمۇش قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن قىز ئىكەنسىز» دېگەن. ئۇ مارىنىمۇ بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى قويغانىدى.

مارى داڭلىق شەخسلەرگە بەك چوقۇناتتى. 1944 ـ يىلى ھېمىڭۋاي ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇ ھېمىڭۋايغا مارشا ئاتا قىلالمىغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى. مارى جۇشقۇن، ئەركىن، چىرايىدىن كۈلكە ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت يېغىپ تۇراتتى. ھېمىڭۋايغا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن چوقۇناتتى، جىنسىي تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا شۇنداق ماسلىشىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتتا شۇنداق دېگەن: «ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى خوجايىندەك كۆرسە، ئۆزىنى مەندىن ئەقىللىق، كۈچلۈك سەزسە، ئۆزىنى ھەر ۋاقىت ئۇلۇغ، مېنى ئەرزىمەس بىر ئادەم ھېس قىلسا... مانا بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى.»

1945 ـ يىلى 6 ـ مارت ھېمىڭۋاي ئامېرىكىغا قايتتى. ئۇ ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاغىنىلىرىگە، مەن يەتتە ئايلىق ئۇرۇش ھاياتىمدىن ئوبدانىراق بىر ئەسەر يازماقچى، دېگەنىدى. لېكىن ئۇ كېيىن لانغامغا نەق كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، ئاددىي پۇقرالارچە تۇرمۇشتىن رايىم قايتىپ كەتتى، قانداقتۇر بىرەر ئەسەر يازغۇمۇ يوق. مارى مېنى مۇنداق مەنىسىز تۇرمۇش ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقسىكەن دەيمەن، دېگەن.

# ئون ئۈچىنچى باب  مارى بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر

ھېمىڭۋاي مارى كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆي ۋە ھويلا ـ ئارامىلارنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ۋە ۋاقتىنى سەرپ قىلدى، يېزىقچىلىقتا ناھايىتى ئاز ۋاقىتلا چىقىرالىدى. ئۇ يەنە ئۇرۇشنى ئەسلەپ قالدى. مارىسىز ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز، شۇنچىلىك ئازابلىق تۇيۇلاتتى.

ھېمىڭۋاي مارىغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ سولوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. سولوۋ خىلۋەت جايلاردا تەنھا ياشاشنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، ھېمىڭۋاي ئۇنداق ئەمەس، يالغۇز ياشاشقا قەتئىي كۆنمەيدۇ. ئۇ مارىنىڭ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتىمەن، سېغىنىشتىن سارالڭ بولاي دەپ قالدىم، دەيدۇ.

13 ـ مارت چۈشتىن بۇرۇن مارى ئاخىر ھېمىڭۋايغا تېلېفون ئۇردى. ئەينى چاغدا، ئۇ ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قارشى قىرغىقىدىن نيۇيوركقا يېڭىلا كەلگەنىدى. ئۇ ئالدى بىلەن چىكاگوغا بېرىپ دادىسىغا نېمە ئۈچۈن ئېرى نورمونكستىن ئاجرىشىپ، ھېمىڭۋاي بىلەن توي قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھېمىڭۋاي ئۇنىڭ بېسىق ئاۋازدا ئالدىرىماي ئېيتقان سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى ھەمدە ئۇنى بەكمۇ سېغىنغانلىقىنى، ئۇنى يەنە ئىككى ھەپتە ساقلاشقا تاقىتى قالمىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن ئۇ كېيىن مارى كەلگۈچە ئۇبدانراق كۈتۈنۈپ، ياۋروپا ئۇرۇشىدا ئاجىزلاپ كەتكەن تېنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ ئوبدان كۈتۈنۈپ ئۇنۇمىنى كۆردى، مەيدىسى بىلەن بېشىنىڭ ئاغرىقى بۇرۇنقىدىن سەل قويۇپ بەردى، ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپلا ھاراق ئىچىدىغان

www.uyghurkitap.com
كىتاب نۇر بېكىتى

ئادىتىنى تاشلىدى، كەچلىك تاماق ۋاقتىدىلا ئازراق ۋىنو ئىچىپ قوياتتى. ئۇ پەقەت ھاراق ئىچىشنى ئازايتماقچى، لېكىن ھاراقنى تاشلاش نىيىتى يوق ئىدى.

مارى 2 ـ ماي قايتىپ كەلدى. ھېمىڭۋاي ماشىنا بىلەن ئايرودرومغا چىقىپ ئۇنى خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمىغان ھالىدا ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلدى. مارى مارتتا پارىژدا كۆرگەن چاغدىكىگە قارىغاندا ھېمىڭۋاينىڭ خېلىلا ئوڭشىلىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. مارى بۇ يېڭى تۇرمۇش مۇھىتىغا تېزلا كۆنۈپ كەتتى. بۇ ھال 1939 ـ يىلى مارشا بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن چاغدىكىگە ئوپئوخشاش ئىدى. مارىغا بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى تولىمۇ ياقتى. ئۇ بېلىق تۇتۇش، سۇ ئۈزۈش دېگەنلەرگە تولىمۇ ئامراق ئىدى، ھېمىڭۋاي بىلەن بىللە «پېلا»ناملىق كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىزنى ئايلىنىپ كېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ھېمىڭۋاي ئۇزۇن ئۆتمەيلا مارىنىڭ قەيسەر، ئاق كۆڭۈل، شەخسىيەتسىز، ئىشچان ۋە گۈزەل ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

مارىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ھېمىڭۋاي بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلدى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا، مارى ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېلىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بېرىپ چىكاگوغا ماڭدى. ھېمىڭۋاي ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارمىدى. ئاساسلىق سەۋەب، ئۇ مارشا بىلەن ئاجرىشىش ئۈچۈن كۇبادا يەنە يېرىم يىللىغىچە تۇرمىسا بولمايتتى.

1945 ـ يىلى مىلاد بايرىمى ھېمىڭۋاينىڭ جىددىيچىلىكتە ئۆتكەن ئۇرۇش دەۋرىنىڭ ئاياغلىشىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ كەلدى. 21 ـ دېكابىر ئۇ مارشا بىلەن رەسمىي ئاجراشتى. ئۇ بۇنى ئۆزىگە تۇتۇلغان ئەڭ ياخشى مىلاد بايرىملىق سوۋغات دەپ بىلدى.

1946 ـ يىلى 14 ـ مارت ھېمىڭۋاي بىلەن مارى ھاۋانادا توي قىلدى. توي مۇراسىمى بىر ئادۋوكاتنىڭ ئىشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئادۋوكات ئىسپان تىلىدا يېزىلغان بىر ھۆججەتنى

ناھايىتى تېزلىكتە ئوقۇپ ئۆتتى. مۇراسىمدىن كېيىن ئۇلار فلورىدا رېستورانىغا بېرىپ چۈشلۈك تاماق يېدى ۋە «توي ھارىقى» ئىچتى. كېيىن ئۇلار بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ شامپان زىياپىتىگە قاتناشتى. ھېمىڭۋاي ئۇ يەردە يوقىلاڭ بىر ئىش ئۈچۈنلا بىرى بىلەن قاتتىق گەپ تەگىشىپ قالدى. بۇنىڭدىن مارى تولىمۇ خاپا بولدى. ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شامپان ئىچىپ قويغاچقا، بىئارام بولۇپ تۇراتتى. بولمىسا ئۇ شۇ يەردىلا سومكىسىنى ئېلىپ سورۇندىن چىقىپ كەتكەن بولاتتى. ئەتىسى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئاچچىقلىرى يېنىپ، چىرايلىق ئەپلىشىپ قالدى.

1949 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ھېمىڭۋاي يېزىقچىلىق ھاياتىنى قايتىدىن باشلىدى. ئۇ يېڭى ھەم غەيرىي ئۇسلۇبتىكى رومانى «جەننەت»نى يېزىشقا باشلىغانىدى. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئىلگىرىكى ھەم ھازىرقى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى كىرىشتۈرۈپ يېزىشقا تىرىشقان، لېكىن ۋەقەلىكلەر تازا يېپىشمىغاندەك قىلاتتى. ئەسەرنىڭ مەلۇم قىسمى خادلېي ۋە پاۋلىنغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەر بىلەن تولغان بولسا، مەلۇم قىسمى مارى بىلەن ئۆتۈۋاتقان ھازىرقى تۇرمۇشىغا چېتىلاتتى، ئادەمگە ۋەقەلىك تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەسەر ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى مەنبە قىلغان، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرى «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش»، «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىنىدى» ۋە بىر قىسىم ھېكايىلىرىدىن بۇ ئەسەرنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ھېمىڭۋاي «جەننەت» دېگەن ئەسىرى ئۈستىدە تازا ئىشلەۋاتقاندا، زۇئان بىلەن روبېرت كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىنى ئۈزۈپ قويدى. ھېمىڭۋاي ئۇلار بىلەن بىللە ئارام ئېلىپ كېلىشكە كېلىشىپ قويغانىدى. ئاڭغىچە ھېمىڭۋاينىڭ ئۈچ ئوغلىمۇ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسى تېخىمۇ قىزىپ

كەتتى. بۇ جەرياندا ھېمىڭۋاي ئۆز ئەسەرلىرى ئۈچۈن نېخىمۇ ياخشى ماتېرىياللارغا ئېرىشتى.

1947 ـ يىلى ھېمىڭۋاي ئۈچۈن ئاپەتلىك بىر يىل بولدى. 1948 ـ يىلى كېلىش ئالدىدا، يېڭى يىلدىن ئانچە ئۈمىد كۈتۈپ كەتمىگەنىدى. يېڭى يىلنىڭ هارپا كېچىسىدىكى زىياپەتتە، ھېمىڭۋاي ئىنگرىد پوگمانغا: «بۇ يىلنىڭ بېشى ئۆتكەن يىلنىڭكىدىنمۇ ناچار بولىدۇ» دېگەنىدى. ھېمىڭۋاينىڭ پەرىزىنىڭ ئەكسىچە، بۇ يىلنىڭ باھارى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۆتتۈپ كەتتى. ئامېرىكىدا خىزمەت قىلىۋاتقان، ھېمىڭۋاي ئەڭ ياخشى ئوبزورچى دەپ قارايدىغان مالكولم كولىر فېۋرالدا خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ ھېمىڭۋاينى يوقلاپ كەلدى. كولىر بۇ قېتىم ماتېرىيال يىغىپ «تۇرمۇش ژۇرنىلى»غا ھېمىڭۋاي توغرۇلۇق تەپسىلىيرەك بىر نەرسە يېزىش نىيىتىدە كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېمىڭۋاي «نيۇيوركلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ يازغۇچىسى روسى بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ قويغانىدى. كولىر ئەپەندى بىلەن روسى خېنىم ھېمىڭۋاينىڭ ھاياتى ھەققىدە ئەسەر يازغان تۇنجى ئادەم بولۇپ قالدى. بۇ ھېمىڭۋاينىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قېلىشىغا مۇھىم ئاساس سېلىپ بەردى.

ئىيۇندا ھېمىڭۋاي ئامېرىكا ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىرىشىنى كۆرەڭلىك بىلەن رەت قىلدى. ئىيۇننىڭ ئاخىرىدا، ھېمىڭۋاينىڭ ئوغلى پاترىك مەكتەپتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ھېمىڭۋاي ئوغلىنى دېڭىز سەپىرىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا ھېمىڭۋاينىڭ زېمىنىدە نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئەسىرى «قورال ـ ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش»قا كىرىش سۆز يېزىپ بېرىش ۋەزىپىسى بار ئىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرى جەريانىدا كىرىش سۆزنىڭ يېرىمىنى يېزىپ تۈگەتتى. 27 ـ ئىيۇن دېڭىز سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ تۆت كۈندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ بۇ ئىشنىمۇ قولىدىن چىقاردى. كىرىش سۆزىدە ئۆتكەن ئىشلار توغرۇلۇق قىسقىچە توختىلىپ، ئاساسلىقى بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدىكى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى، تارتقان جاپالىرى ۋە ئېرىشكەن خۇشاللىقلىرىنى يازدى.

ھېمىڭۋاي 49 ياشقا كىرگەن خاتىرە كۈنىنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن، ئىيۇلدا يەنە بىر قېتىم دېڭىز سەپىرىگە چىقتى. بۇ كۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى، ئۆزىنى بەخت قاينىمى ئىچىدە سەزدى.

شۇنداق ھېمىڭۋاي پۈتۈن يازنى بىرخىل خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ ھەتتا ئۇرۇشتىن كېيىن تۇنجى قېتىم ياۋروپاغا سەپەر قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالدى. ئۇ مۇشۇ پىلاننى كۆڭلىدە پىشۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئادۋوكاتى مورس سىپىسىرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىپ قالدى. ھېمىڭۋاي سىپىسىرنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىدىن ئەزەلدىن نارازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە تولىمۇ ئېچىندى. ھېمىڭۋاي 1944 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆلۈپ كەتكەن دوست ـ بۇرادەرلىرىنى تىزىملاپ كېلىۋاتاتتى. سىپىسىرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۇنىڭ تىزىملىكىگە يەنە بىر ئىسىم قوشۇلدى. ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ھېمىڭۋاينىڭ پەرىزىنى ئىسپاتلىدى: 1948 ـ يىلى 1947 ـ يىلىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆڭۈلسىز ئۆتتى. ئىلگىرى «دادام ئەخمەق» دەپ يۈرگەن نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھازىر ئۆلۈپ تۈگىدى. ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەر قانداقىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى ئويلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن رازىمەنلىك ھېس قىلدى.

www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب ئادرىئاننا

1948 ـ يىلى سېنتەبىر ھېمىڭۋاي ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى پولشانىڭ ھاۋانادىن گېنۇيىگە قاتنايدىغان «خارگىرو»ناملىق پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ياۋروپا سەپىرىنى باشلىدى. بۇ ھېمىڭۋاينىڭ 1927 ـ يىلى مارتتىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئىتالىيىگە بېرىشى ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئامېرىكىلىق داڭلىق ساياھەتچى سالاھىيىتىدە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بۇ دۆلەتنىڭ خارابىلىكىگە قەدەم باساتتى.

دېكابىردا ھېمىڭۋاي كېرىلېر بىلەن ياۋا ئۆردەك ئوۋلاپ يۈرگەندە ئادرىئاننانى ئۇچرىتىپ قالدى. قىز 19 ياشلاردا بار ئىدى. ئۇ يامغۇردا ئۆزى يالغۇز كېرىلېرنى ساقلاپ تۇرغانىدى. مۇنداق ئۇچرىشىشلار ھەر دائىم ھېمىڭۋاي ئۈچۈن ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى. ئۇلار قىزنى ماشىنىسىغا چىقىرىۋالدى. ئوۋچىنىڭ ئۆيىدە ھېمىڭۋاي ئادرىئاننانىڭ قاپقارا چاچلىرىنى ئوچاق ئالدىدا قۇرۇتۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئادرىئاننا ئۇنىڭدىن تارغاق سورىغاندا، ئۇ پۈتۈن تارغاق بەرمەي، ئۆزىنىڭ تارغىقىنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ سۇندۇرۇپ، يېرىمىنى ئۇنىڭغا بەردى. بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق غەلىتە ئۇچرىشىشى ئىدى. كېيىن ھېمىڭۋاي ئادرىئاننىغا، سىزنى ئاشۇ قېتىم يامغۇردا ئۇچراتقىنىمدا خۇددى «چاقماق سوقۇۋەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدىم» دەيدۇ.

ھېمىڭۋاي ئاپرىلدا ۋېنېتسىيىگە قايتىپ كېلىپ، تەكلىپكە بىنائەن بىر كاتتا رېستوراندا ئادرىئاننا بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدى. 1949 ـ يىلى ياز بويى ئۇلار خەت ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ تۇردى. بۇ چاغدا ھېمىڭۋاي «دەريادىن ئۆتۈپ

ئورمانلىقتا كىرىش» دېگەن ئەسىرىنى يېزىۋاتاتتى. ھېمىڭۋاي ئادرىئاناغا ئاز دېگەندىمۇ 65 پارچە خەت يازدى. ئادرىئانا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىلھام بۇلىقى ئىدى. «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىقتا كىرىش» دېگەن ئەسىرىدىكى ئايال باش قەھرىماننىڭ ئوبرازىنىڭ مۇكەممەل چىقىشى، «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن ئەسىرىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشىدا ئادرىئانانىڭ تۆھپىسى زور ئىدى. ئادرىئانا ھېمىڭۋاينىڭ ئەسەرلىرىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتى، لېكىن ھېمىڭۋاينىڭ ئىجادىيىتىگە ياردەم بېرەلىگەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى. «مەن كېلىپ ئۇنىڭغا ئاجايىپ ھاياتىي كۈچ، ئۈتتەك قىزغىنلىق ئاتا قىلدىم. ئۇ ئىجادىيىتىنى قايتىدىن باشلىدى، ئىشلىرى راۋانلاشتى، بىرىدىن بىرى ياخشى ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ مېنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدار» دەيدۇ ئۇ.

1950 ـ يىلى كۈزدە ئادرىئانا بىلەن دورا كۇباغا كېلىپ، ھېمىڭۋاينىڭ ئۆيىدە ئۈچ ئاي مېھمان بولۇپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھېمىڭۋاينىڭ ئەل ـ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئىتالىيىدىكى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر خەۋەردار بولۇپ قالدى. ھېمىڭۋاي ئادرىئانانىڭ مورىلىرىگە ئۇرۇپ قويۇشىنى، قوللىرىنى سىلاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى مۇزىكا كېچىلىكلىرىگە ئاپىراتتى. ئۇ يەنە يېڭى يىل كېچىسى مەخسۇس ئادرىئاناغا ئاتاپ تانسا ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. ھېمىڭۋاينىڭ بۇ ئىشلىرى كۇبالىقلارغا تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇ بىر قىزغا ئورۇنسىز ھالدا نۇرغۇن پۇل ۋە ۋاقىتنى سەرپ قىلىۋاتاتتى.

ئادرىئانا ھېمىڭۋاينىڭ «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىقتا كىرىش»، «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن ئەسەرلىرىنى يېزىشقا زور ئىلھام بولدى، ھېمىڭۋاي ھەر ئىككى ئەسىرىنى ئادرىئانا بار چاغدا يېزىپ تۈگەتتى. ئۇ گرېگورىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئادرىئانا شۇنداق سۆيۈملۈك قىز، ھەتتا كېچىلىرىمۇ چۈشۈمدىن چىقمايدۇ. ئەتىگەندە ئويغانغاندا بولسا كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنىڭ

ئۆرغۈپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمەن، ئىلھام بولىقىم تېشىپ، قەلىمىم قەغەز يۈزىدە توختاۋسىز يۈگۈرەيدۇ». ئۇ ئادرىئاناننىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىقىغا ياردەملىشىدىغانلىقىدىن چەكسىز مىننەتدار ئىدى. لېكىن بۇ ئىشنىڭمۇ ئاخىرى كۆڭۈللۈك بولمىدى. چۈنكى ئۇلار نۇرغۇن ئىشلاردا مارىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغاچقا، مارىنىڭ كەيپى بۇزۇلغانىدى.

ئادرىئاننا كېلىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى، ھېمىڭۋاي مارىنىڭ دادىسىغا خەت يېزىپ، ئۆزىنى مارىغا سادىق ئەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. ئۇ خېتىدە، ئۆزىنىڭ ۋېنېتسىيىلىك نۇرغۇن قىزلار بىلەن تونۇشىدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن ئارىلاشماي ئامالى يوقلۇقىنى، لېكىن ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغانلىقىنى، مارىغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدىغانلىقىنى يازغانىدى. ئۇ شۇنداق ۋەدىلەرنى بەرگىنى بىلەن ئادرىئاننا بار مەزگىلدە مارى ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلدى. يەنە بىر ئىش، ھېمىڭۋاينىڭ «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش» دېگەن ئەسىرى تازا ئالقىشقا ئېرىشمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئادرىئاننا بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى كەلمەسكە كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. ئادرىئانناننىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردە مارىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. لېكىن، ئادرىئاننانى خوتۇنلۇققا ئالالمايتتى. مانا مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار تۈپەيلى، ئۇ ھاراققا بېرىلىپ كەتتى. مارىغا تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلغىلى تۇردى. ئۇ ئادرىئاننانى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن بۇ يېشىدا ئۆزىگە مارىدىن ياخشى خوتۇن چىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ھېمىڭۋاي خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك، ئادرىئانناغا مەھلىيا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئادرىئاننا بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈپلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئىجادىيەتتە تۇسالغۇغا

ئۈچرىغاندا، ئادرىئاننا ئۇنىڭغا ئىلھام بولدى، «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش»، «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن ئەسەرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگەتتى. لېكىن، شەخسىي تۇرمۇش ئىجادىيىتىنىڭ ئەكسىچە بولدى. بۇ ئادرىئاننا بىلەن دورانى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندۇردى، مارىنى غەمگە سېلىپ قويدى، ھېمىڭۋاينى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ بىر قارىسا كۆندۈرۈلگەن ئېيىققا، يەنە بىر قارىسا گۇمۇشقىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون بەشىنچى باب ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆلۈمى

1952 ـ يىلى مارت ھېمىڭۋاي ئالدىنقى يىلى بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ئۆلۈملەر ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. بۇ ئۆلۈملەر ئۇنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، روھىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆزى ئۈستىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

«كۆڭلۈمگە زادىلا ئارامچىلىق بولمىدى، بىر يىل ئىچىدە ئاۋۋال تۇنجى نەۋرەم بىرلىنىدا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا ئوغلۇم ستارشى لېيتېنانت سالاھىيىتى بىلەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى؛ ئارقىدىنلا ئاپام ئۆلۈپ كەتتى؛ قېيناتام ئېغىر راك كېسىلى بولۇپ قالدى؛ ئالدىنقى خوتۇنۇم ــ ئىككى ئوغلۇمنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كەتتى؛ بۇ ئۆيدىكى بىر ئايال خىزمەتكار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، كېيىن، ئافرىقىدا ناھايىتى ياخشى ئۆتكەن بىر ئاغىنەم ئۆلۈپ كەتتى. ئاخىردا يېقىن ئاغىنەم، نەشرىيات سودىگىرى چارلس سكرىبنېردىمۇ ئايرىلىپ قالدىم. بۇ مەزگىلدە مېنىڭ ئىشىممۇ ئىش بولمىدى.»

ئۇئاك پاراك دوختۇرخانىسىدا، گرېس ھېمىڭۋاي بىر نەرسىگە بېشىنى ئۇرۇۋېلىپ خاتىرىسىنى يوقىتىپ قويدى. 1951 ـ يىلى سېنلى ئاخىرقى قېتىم ئۇنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇ ھەتتا سېنلىنى تونۇمىدى. ھېمىڭۋاينىڭ گرېسنى كۆرمىگىنىگە 20 يىل بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنى گرېستىن كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەتتى. گرېس 1951 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇندا 79 يېشىدا ۋاپات بولدى. ھېمىڭۋاي ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشمىدى. گرېسنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۇ ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بولغان

بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ تېخىمۇ خۇشال بولىدىغىنى، بۇ موماينى بېقىش ۋەزىپىسىدىن قۇتۇلغانلىقى.

1 - ئۆكتەبىر پاۋلىن ئۆلۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقتى. ھېمىڭۋاي بىلەن گرېگورى قاتتىق ئازارلىشىپ قالدى. گرېگورىنىڭ مىجەزى ھېمىڭۋاينىڭكىگە بەك ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇ ھېمىڭۋاينىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوغلى ئىدى. پاۋلىن ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ھېمىڭۋاي ئۇنىڭغا بىر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ باققان ئەمەس. گرېگورى كىچىكىدە بىر ناچار بالا باققۇچىنىڭ قولىدا تۇرغان، بالىلىق دەۋرى كۆڭۈللۈك ئۆتمىگەنىدى.

ھېمىڭۋاينىڭ دادىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، بىرەر تېلېگرامما ياكى تېلېفون كەلسىلا ھېمىڭۋاينىڭ يۈرىكى ئاغىدىغان بولۇپ قالغانىدى. 1951 - يىلى سېنتەبىردە گرېگورى بىر چوڭ پېشكەللىككە ئۇچراپ قالدى. ھېمىڭۋاي بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈدى ھەم ئازابلاندى. ئۇ چاغدا پاۋلىن سان فرانسىسكودا ئىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، گرېگورىنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى ساقايتىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېمىڭۋاينىڭ ئىسمىنىڭ گېزىتلەرگە چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. پاۋلىن 30 - سېنتەبىر كەچتە لوس ئانژېلېستىكى جىنىنىڭ ئۆيىدىن ھېمىڭۋايغا تېلېفون بېرىپ، يۈز بەرگەن ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئىككىسى تېلېفوندا ۋارقىرىشىپ قالدى. ھېمىڭۋاي پاۋلىنغا: «بالىنى ياخشى تەربىيىلىمەپسەن!» دەپ ۋارقىرىدى. پاۋلىن ئەلەمگە چىدىماي يىغلىۋەتتى. پاۋلىن ئەتىسى قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاغرىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن قان كەتكەنىدى. 1 - ئۆكتەبىر ھېمىڭۋاي جىنىدىن پاۋلىنىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېزىلغان تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئەينى چاغدا پاۋلىن 56 ياشتا ئىدى.

1952 - يىلى فېۋرالدا يەنى پاۋلىن ئۆلۈپ تۆت ئايدىن كېيىن، گرېگورى خوتۇننى ئېلىپ دادىسىنى يوقلاپ باردى. بۇ

www.uyghurkitap.com

چاغدا ھېمىڭۋاي گرېگورىنىڭ ئىشنى پاۋلىنىدىن كۆرگىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندى. ئۇ ئوغلى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئايرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ گرېگورىغا، پاۋلىن سەن تېرىغان چاتاقنىڭ دەردىدە ئۆلۈپ كەتتى، دېدى. گرېگورىي دادىسىنىڭ بۇ گېپىدىن چۆچۈدى ھەم قورقتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا ـ بالا ئىككىسى قايتا كۆرۈشمىدى. كېيىن ھېمىڭۋاي پاۋلىنىنىڭ جىنىنى راك كېسىلى ئالغانلىقىنى بىلدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا روھىي كەيپىياتنىڭ ئامىلىمۇ بار ئىدى. ھېمىڭۋاي گرېسىنىڭ ئۆلۈمىگە قارىغاندا پاۋلىنىنىڭ ئۆلۈمىگە بەكرەك ئېچىندى. چۈنكى ئۇنىڭ پاۋلىنغا بولغان مۇھەببىتى ھازىرغىچە سۇسلاشمىغانىدى.

40 ـ يىللاردىكى 10 يىل ھېمىڭۋاي ئۈچۈن ئەڭ ئۇنۇمسىز يىللار بولدى. «جەننەت» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى، «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش» دېگەن ئەسىرىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىدى. 50 ـ يىللاردا 30 ـ يىللاردىكىگە ئوخشاش نۇرغۇن ئەسەر يازدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تازا ياخشى چىقمىدى (كۆپ قىسمى ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن نەشىردىن چىقتى). ئۇ مەزگىلدە يازغان ئەسەرلەردىن «دېڭىز ئېقىنىدىكى ئارال»، «بوۋاي ۋە دېڭىز»، «ئافرىقا خاتىرىلىرى»، «خەتەرلىك ياز» ۋە «كۆچمە زىياپەت» قاتارلىقلار بار. 40 ـ يىللاردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز كەچۈرمىشلىرى كۆپ كۆرۈلمەيدىغان بولدى.

ھېمىڭۋاي «دېڭىز ئېقىنىدىكى ئارال» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ تۈگىتەلمىگەن، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 10 يىلىدا بىر ئەسەرنى بىر بانكىنىڭ يەر ئاستى بىخەتەر ئىسكىلاتىدا ساقلىغان. ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ كەمچىلىك تەرەپلىرىنى تونۇپ يەتكەنىدى. بۇ ئەسەر 1970 ـ يىلى ئۆكتەبىردە نەشىردىن چىقتى. ئۈچ ئاي ئىچىدىلا 100 مىڭ نۇسخا سېتىلدى، يېرىم يىلغىچە بازارلىق كىتابلار تىزىملىكىدىن چۈشۈپ كەتمىدى.

ھېمىڭۋاي «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن ئەسىرىنى 1951 - يىلى فېۋرالدا قولىدىن چىقاردى. بۇ چاغدا ئادرىئانانىڭ كۇبادىن كەتكىنىگە 11 كۈن بولغانىدى. ھېمىڭۋاي بۇ ئەسىرىنىڭ «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىقتا كىرىش» دېگەن ئەسىرىدە ئۇچراپ كەتكەن تەنقىدلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، نام - ئابرۇيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى. بۇ پوۋېست ئۇ كۈتكەندىنمۇ ئارتۇق ئالقىشقا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ھېمىڭۋاي بۇ پوۋېستىدا ئايالлار دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي چەتلەپ ئۆتۈپ، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يازغان. ئۇنىڭ ئاياللارنى چەتلەپ ئۆتۈپ كېتىشىدىكى سەۋەب، ئايالлار ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان ئاساسلىق مەنبە ئىدى. بۇ ئەسەردىكى ئاساسلىق ئاجىزلىق، ئۇنىڭدا مىسكىنلىك ۋە ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىش پۇرىقى قويۇق ئىدى. 1952 - يىلى مايدا «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن بۇ ئەسەر پولتزېر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەينى يىلى «قورال - ياراغ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىش»، «ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دېگەن ئەسەرلەر بۇ مۇكاپاتقا كۆرسىتىلگەندە، ھېمىڭۋاي رەت قىلىۋەتكەنىدى.

«دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىقتا كىرىش» دېگەن ئەسىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ھېمىڭۋاي ئوبزورچىلارغا تېخىمۇ دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولدى. «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئالقىشقا ئېرىشىشى ئۇنى سەل پەسكويغا چۈشۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن 1952 - يىلى يانۋاردىن 1953 - يىلى ئاپرېلغىچە ئىككى ئالىم بىلەن خەت - ئالاقىلىشىش جەريانىدا، ئۇنىڭ غەزىپى يەنە ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ ئىككى ئالىم ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىۋاتاتتى. ھېمىڭۋاي ئۇرۇش ۋە ئاخبارات ئىشلىرى جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن، باشقىلارغا ئۇرۇشخۇمار، زىيالىيلارغا قارشى

قىياپەتتە كۆرۈنەتتى. ئۇ ئوقۇش تارىخى دېگەنلەرنى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى، ئالىي مەكتەپ دېگەن ئادەمنى رېئال دۇنيادىن ئايرىپ قويىدۇ، ئادەمنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە بىلىمىنى ئاشۇرۇش ئەمەس، چەكلەپ قويىدۇ، دەپ قارايتتى.

# ئون ئالتىنچى باب ئىككىنچى قېتىملىق ئوۋچىلىق ساياھىتى

ھېمىڭۋاي ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 10 يىلىدا ئۆتكەن ئىشلىرىنى قايتا ئەسلەپ قىلىپ، ئىسپانىيە ۋە ئافرىقىغا يەنە باردى، شۇ يەرلەر توغرۇلۇق ماقالىلەر يازدى. 20 ـ ۋە 30 ـ يىللار ئۇ يەرلەر ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئىلھاملارنى ئاتا قىلغانىدى. ئۇ بۇ قېتىممۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئاخبارات مۇخبىرلىق خىزمىتىنى قىلدى. ساياھەتكە كېتىدىغان نۇرغۇن چىقىمنىڭ بىر قىسمىنى «نەزەر» ژۇرنىلى كۆتۈرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئۇنىڭ ساياھەت جەريانىنى ھېكايە فىلىم قىلىپ ئىشلەش ئۈچۈن 15 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ «نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 1954 ـ يىلى 1 ـ سانىغا بېسىلغان 3500 خەتلىك بىر پارچە ماقالىسى ئۈچۈن 10 مىڭ دوللار قەلەم ھەققى بەردى.

پولتزېر مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ بىر ئايدىن كېيىن، يەنى 1953 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇندا ھېمىڭۋاي نيۇيوركتىن ماڭىدىغان «فراند» ناملىق پاراخوتقا چىقىپ ئافرىقىغا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى، پامپلونا، مادرىد، ۋالېنسىيە ۋە پارىژلاردا ئالتە ھەپتە ئايلىنىپ يۈردى. ھازىرقى پامپلونا ھېمىڭۋاي 20 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى تۇنجى قېتىم كېلىپ دىنىي بايرامغا قاتناشقان چاغدىكى پامپلونا بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى، ئۇ چاغدىكى بايرام ناھايىتى جانلىق، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان كەيپىياتقا چۆمگەنىدى.

6 ـ ئاۋغۇست ھېمىڭۋاي «دۇنونوتا» ناملىق يەلكەنلىك كېمىگە ئولتۇرۇپ مارسېلدىن مومباساغا كەلدى. نايروبىدا

ئاغىنىسى مېنوكار ۋە «نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ فوتوگرافى ئېئىارل تىسون بىلەن كۆرۈشتى. تىسون ھولىلۋود كىنو چولپانلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس ئىدى، ئۇلار توغرۇلۇق نۇرغۇن ھېكايىلەرنى بىلەتتى. ئۇ ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزىگە ماسلىشىپ بەرمەيۋاتقانلىقى ۋە تۇرمۇش رەسمى تارتىشقا يول قويماۋاتقانلىقىدىن نارازى ئىدى. كىشىلەر ھازىر ھېمىڭۋاينى كىنو چولپانلىرى ھالىتىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇلار ئاۋۋال پېرتسېۋال دېھقانچىلىق مەيدانى ئەتراپىدىكى ماچاكستا ئوۋچىلىق قىلدى. ئۇ يەر نايروبىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 40 مىل كېلەتتى. كېيىن ئۇلار يەنە سىنتەبىردە كارگادو ۋە مارگاردى ئوۋ رايونلىرىغا بېرىپ ئوۋ قىلىشقا رۇخسەت ئالدى. ئۇلار ئوۋغا نازارەت قىلىش خادىمى زافېرونىڭ نازارىتىدە ئوۋ قىلدى. ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزىنى بەك چوڭ تۇتۇشى زافېروغا ياقمىدى. ئۇ نام چىقىرىشقا باشلاپ، ھاراققا كىرىشىپ كەتكەندىن كېيىن يوغانچىلىقى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى.

ھېمىڭۋاي ئىككىنچى قېتىملىق ئوۋچىلىق ساياھىتىدە، 1936 ـ يىلى ئافرىقا توغرىسىدا يازغان ئىككى ئۇلۇغ ئەسەرگە تەڭلەشكۈدەك بىر نەرسە يازالمىدى، پەقەت «ئوۋچىلىق» دېگەن ئادەتتىكى بىر پارچە ئەسەر يازدى. بۇ ئەسەرنى تىسوس تارتقان بىر پارچە سۈرەت بىلەن «نەزەر» ژۇرنىلىغا بېرىپ، ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان بولدى. ھېمىڭۋاينىڭ ئافرىقا توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى چىققىنى «مىلاد بايرىمىلىق سوۋغات» بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرنى ھادىسىدە يارىلىنىپ ساقايغاندىن كېيىن نايروبىدا يازغان. «نەزەر» ژۇرنىلى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك بۇ ئەسەرگە 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەلەم ھەققى بەردى ھەمدە ئۇنى ژۇرنالنىڭ 1954 ـ يىللىق 4 ـ، 5 ـ سانلىرىغا بەردى. شۇ يىلى يانۋاردا ئىككى قېتىم ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بەرگەنىدى. ھېمىڭۋاي مۇشۇ ھادىسىنىمۇ بۇ ئەسىرىگە كىرگۈزگەنىدى.

ھېمىڭۋاي 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان مۇشۇ ئىككى قېتىمدا ئەڭ ئېغىر يارىلانغانىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا، بۇ ھادىسىدىن تېز ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇرۇشتا يارىلانغان چاغدىكىگە ئوخشاش، بۇ قېتىمقى ھادىسىمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى.

ئەگەر ھېمىڭۋاي ئافرىقىدا ئايروپىلان ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نام ـ شۆھرىتى ھازىرقىدىنمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەدەبىيات جەھەتتىكى شۆھرىتىمۇ ئاشار ئىدى. چۈنكى بۇ ھادىسە ئۇنىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن ئەسىرى تازا ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە ئۇ ھەرقايسى تەرەپلەردە ئۆزىنى تاشلىۋېتىشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەنىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرى پۈتۈنلەي ھادىسىگە ئۇچراش، ھاراق ئىچىش ۋە كېسەل داۋالىتىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

1954 ـ يىلى مارتنىڭ ئاخىرلىرىدا ھېمىڭۋاي ۋېنېتسىيىگە بارغاندا، ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىنى قىسقا ياسىتىۋالغان، ھەرىكەتلىرى ئاستا، ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ قالاتتى. ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تېرە كېسىلى بولۇپ قالغان، كۆزىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. كېسەل دەردى ئۇنى بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

ئۇ چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان ئادرىئانانىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنى يوقلاپ كېلىشى ئۇنىڭغا زور روھىي تەسەللى بولدى. ئۇ ئادرىئاناغا يۈرەك سۆزىنى تۆكۈپ: «مەن سىز بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈنلا مۇشۇ كۇنگىچە ياشاپ كەلدىم، چۈنكى سىزنى ھازىرمۇ يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن. سىزدىن ئايرىلىپ ياشاش مەن ئۈچۈن چەكسىز ئازاب» دېدى.

ئىككى قېتىملىق ئايروپىلان ھادىسىسىدىن كېيىن، ھېمىڭۋاينىڭ ھاراققا بەك بېرىلىپ كېتىشى ئەسلىدىنلا ئاجىز تېنىنى تېخىمۇ كاردىن چىقىرىۋەتتى. ھېمىڭۋاي ھاراق مېنىڭ

ئەڭ ياخشى دوستۇم، دېگەندى. ئۇ ھاراقنى ئوبدان كۆتۈرەتتى، ھاراق ئىچكەندىن كېيىن بېشى ئاغرىيدىغان، پاندۇرىدىغان ئىشلىرى يوق ئىدى. ھاراق ئىچىۋالسا تىلىمۇ راۋانلىشىپ كېتەتتى. ئۇ بېشىغا ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىك كەلسە دەردىنى ھاراقتىن ئالاتتى. ھاراقنى مۇشۇنداق كۆپ ئىچىۋېرىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى كاردىن چىقىپ، سالامەتلىكى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى.

ھېمىڭۋاي ئەر ــ خوتۇن ئىككىسى 6 ــ مايدا ۋېنېتسىيەدىن ئايرىلىپ، بىرنەچچە شەھەر ــ بازارلارنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئىيۇلدا ھاۋاناغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلغىنىغا بىر يىلدىن ئېشىپ قالغانىدى. نۇرغۇن ئۆي ئىشلىرى ئۇلارغا قاراشلىق تۇراتتى.

1954 ــ يىلى 28 ــ ئۆكتەبىر ھېمىڭۋاي نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭغا 35 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى مۇكاپات بېرىلەتتى. خارۋېي بىرىت ئۇنى زىيارەت قىلىپ بېرىپ، تەسىراتىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ ناھايىتى ئۆتكۈر قىلىپ، ئەمما ئېھتىيات بىلەن بىر ئوبزورچى ۋە ياشنىپ قالغان ئادەتتىكىچە ئىككى يازغۇچىنى مۇنداقلا ماختاپ قويدى. بىرقەدەر تەسىرى بار دەۋرداشلىرى توغرۇلۇق بولسا بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئۇ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ستوكھولمغا بارالمايدىغانلىقىنى، ئەمما قىسقىچە قىلىپ بىر نۇتقىدا تەييارلاپ ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۇ نۇتۇقنى رەسمىي مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا ئامېرىكا كونسۇلى ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، خۇددى ئۇ نۇتقىدا يازغاندەك، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىمۇ ئۇنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى، ئادرىئانانىمۇ قولىدا ساقلاپ قالالمىدى. ئادرىئانا ئىككىسى 1954 ــ يىلى رەسمىي ئايرىلدى. كېسەل ئازابى ۋە بۇ دەرد ــ ئەلەملەر قوشۇلۇپ، ھېمىڭۋاينىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

# ئون يەتتىنچى باب  خەتەرلىك ياز پەسلى

50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ھېمىڭۋاي ھادىسىگە ئەڭ ئاز ئۇچرىغان يىللار ئىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى كېسىلىنى داۋالىتىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. 1955 ـ يىلى يازدىن 1956 ـ يىلى باھارغىچە ئۇ «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن ئەسەرنى سۇرەتكە ئېلىش ئىشى بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈردى. ئارىلىقلاردا «ئافرىقا خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسەرنى يازدى. 200 مىڭ خەتلىك ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ ئەسەردىن تازا قانائەت ھاسىل قىلماي، نەشرگە بېرىشنى لايىق كۆرمىدى. شۇ مەزگىلدە يازغان 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدىكى يەتتە پارچە ئەسىرىنىمۇ بانكىنىڭ يەر ئاستى ئىسكىلاتىغا قويۇپ قويدى.

ھېمىڭۋاي كۇبادا مەشھۇر شەخس ئىدى، مەيلى نەگىلا بارسۇن، ھەممە ئادەم تونۇيتتى، ئۇنى پادىشاھدەك ھۆرمەتلەيتتى. ھېمىڭۋاي ئۆزىنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپات گۇۋاھنامىسىنى مىللىتىنىڭ ئەۋلىياسى كوبىل مۇناخىنىڭ بۇتىنىڭ تەكچىسىگە قويۇپ قويدى. باتتىستا ئۇنى ئۇزلۇكسىز مۇكاپاتلاپ تۇردى.

1958 ـ يىلى ئاۋغۇستتا بىر قاتار سىياسىي مەسىلىلەر ئۇنى ئاۋارە قىلغىلى تۇردى. ھۆكۈمەتنىڭ چارلىغۇچى ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ ئىتى ماچاكىسنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، باتتىستا ھۆكۈمىتى جان تالىشىش ھالىتىگە بېرىپ قالدى، ئىنقىلابىي كۈچنىڭ تەھدىتى ئاستىدا باستۇرۇش تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ھېمىڭۋاي ئۆزىنى بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلدى. بۇ ئارالنىڭ ئىستىقبالىدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندى. ئۇ پاترىكقا شۇنداق دېدى: «ھازىر كۇبانىڭ

ئەھۋالى بەك چاتاق، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۇتقان يولى خاتا، دۈشمەنلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە شۇنداق رەھىمسىزلىك قىلىۋاتىدۇ. يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى، كىملەرنى قىرغىن قىلىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلىنىپ بولدى، مېنىڭ ئىچىم بەك سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ.»

ھېمىنگۋاي كۇنلەرنىڭ بىرىدە كۇبادىن كېتىشكە توغرا كېلىپ قالسا پاناھلانغۇدەك بىرەر جاي تېپىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۆكتەبىردە ئۇ توبى بىرۇتس بىلەن كېتچىمغا بېرىپ، بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى. 1959 ـ يىلى ئاپرېلدا كاسترو كۇبادا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ تۆت ئايدىن كېيىن، ھېمىنگۋاي كۆلىمى 17 مو كېلىدىغان بىر قورۇ ـ جاينى 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالدى. قورۇ ـ جاي كۇنتىنلۇن يولىدا بولۇپ، كېتچىمنىڭ شەرقىي شىمالىغا بىر مىل كېلەتتى. لېكىن بۇ قورۇ ـ جاي مارىغا تازا يارىمىدى.

ھېمىنگۋاي ھاۋاناغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن دېنناش ۋىلىيامس ۋە ئوبزورچى تېنان بىلەن تونۇشۇپ قالدى. تېنان ھېمىنگۋاينى «مىجەزى ئوسال بالا» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە كاسترو ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئامېرىكىغا قارشى دولقۇندا ھېمىنگۋاينىڭ ناھايىتى ئەتىۋارلىنىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. ھېمىنگۋاي باتىستانىڭ قەبرە تەزكىرىسىگە رەھىمسىزلىك بىلەن شۇنداق دەپ يازدى: «بۇ يەرگە بىر ئىتنىڭ بالىسى دەپنە قىلىندى»، كاستروغا بولسا ھېسداشلىق قىلدى. كاسترومۇ تېنانغا: «بىز ئەجەل سىگنالى كىم ئۈچۈن چېلىندى» دىگەن ئەسەرنى تاغقا ئېلىپ چىقايلى، ئۇ بىزگە پارتىزانلىق ئۇرۇشنى ئۆگەتتى» دېدى. ھېمىنگۋاي كۇبادىن كەتكەندىن كېيىن، 1961 ـ يىلىغا بارغاندىلا كاسترو ئامېرىكا بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى.

ۋەزىيەت بىرقەدەر ياخشى مەزگىللەردە، ھېمىنگۋاي يېڭى

ھاكىمىيەتنى قوللايدىغانلىقىنى بىرقانچە قېتىم ئىپادىلىگەن ۋە تېنانغا كاسترونىڭ ئىشلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھېمىڭۋاي كۇبادا بىر ئايغىچە تۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئىسپانىيىگە كېتىپ قالدى. مايدىن ئۆكتەبىرگىچە كالا بىلەن ئېلىشىش مۇسابىقىلىرى قايىنىمى ئىچىدە يۈردى.

1960 - يىلى فېۋرال سوۋېت ئىتتىپاقى سودا مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى مىكويان تەكلىپكە بىنائەن نەزەر قورۇقىغا كېلىپ ئىككى سائەت زىيارەتتە بولدى. مىكويانىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ماريدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. «مىكويان زېرەك ھەم قۇۋ ئادەم ئىكەن، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن كۇباغا بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىپ تۇرۇپ، كۇبالىقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قولى ناھايىتى ئۇچۇق ئىكەن، دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈردى» دېدى مارى.

ھېمىڭۋاي كۇبالىق ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن چىرايلىق ئارىلىشىپ يۈرەتتى، لېكىن ئۇ كاسترونى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، كۇبا دۆلەت بايرىقىنى سۆيۈپ، مىكويانىنى ھۇزۇرىدا كۈتۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىدىن مېنوكار، سانچىز، ئاگرېسلار (كاسترو ئۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى) بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى. 1960 - يىلى ئىيۇلدا ھېمىڭۋاي كۇبادىن ئامېرىكىغا بىراقلا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئامېرىكا پۇقرالىق سالاھىيىتىنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى قەدىرلەيتتى. ئەگەر كۇبادا داۋاملىق تۇرۇپ قالسا ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان بولاتتى.

ھېمىڭۋاي ئىسپانىيىدە ئۇلتۇراقلىشىپ قالغان بىر ئامېرىكىلىقنىڭ تەكلىپى بىلەن 1959 - يىلى ئىسپانىيىگە كېلىپ «خەتەرلىك ياز پەسلى»نى ئۆتكۈزگەنىدى. بۇ ئامېرىكىلىقنىڭ ئىسمى داۋىس ئىدى، ئۇمۇ كالا بىلەن ئېلىشىش مۇسابىقىلىرىگە تولىمۇ قىزىقاتتى، ھېمىڭۋاي ئىككىسى شۇ

مۇناسىۋەت بىلەن تونۇشۇپ قالغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ھېمىڭۋاينىڭ ئەسەرلىرىنى، مىجەز ـ خاراكتېرىنى ياخشى كۆرەتتى.

ھېمىڭۋاي 60 ياشلىق تۇغۇلغان خاتىرە كۈنىنىڭ دەل كارمېن ئوردېس (ئۇلۇغ تورېئادور)نىڭ تۇغۇلغان كۈنى بىلەن بىر كۈندە كېلىپ قالغانلىقىنى بايقاپ، 1959 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇلدا داۋىسىنىڭ قورۇقىدا داغدۇغىلىق زىياپەت ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئورۇنلاشتۇرۇشقا مارى مەسئۇل بولدى.

ھېمىڭۋاي بۇ خاتىرە كۈنگە يىراق ـ يېقىندىكى ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاقىرغانىدى. مېھمانلار ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىن ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. زىياپەت ساق بىر كېچە داۋاملاشتى. ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل ـ تانسىلار بۇ زىياپەتكە باشقىچە ھۆسن قوشتى.

1959 ـ يىلى ھېمىڭۋاي مارىنىڭ ھەسرىتىنى قوزغاپ، ئۇنى يەتكۈچە ئازابلىدى. ئۇ ۋاللېرى ئىسىملىك بىر قىزنى بېقىۋالغان، ئۇنى ئۆزىگە ھەم ھەمراھ، ھەم كاتىپ قىلىۋالغانىدى. ئۇ 19 ياشلىق بۇ قىزنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ياشلىق باھارىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇرۇنغانىدى. ۋاللېرى ئىرلاندىيىلىك قىز ئىدى، 1959 ـ يىلى ھېمىڭۋايىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن، لېكىن تەجرىبىسىز بولغاچقا ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىيالمىغانىدى. ھېمىڭۋاي ــ بۇ ئىشقىۋاز پېشقەدەم مۇخبىر ئۇنىڭغا مۇخبىرلىقنىڭ يوللىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتى. ئۇ ۋاللېرىغا سەۋدايىدەك كىرىشىپلا قالغانىدى. ئۇنى تۇغۇلغان كۈنى زىياپىتىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە كاتىپ قىلىپ بەلگىلەپ، ئېيىغا 250 دوللار مائاش توختاتتى. ھېمىڭۋاي ئىسپانىيىدىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ۋاللېرى كۇبا ۋە كېتچىمدا تۇرۇپ ھېمىڭۋاي ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ھېمىڭۋاي ئۆلگەندىن كېيىن مارىنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

ۋالىلېرى ھېمىڭۋاينىڭ ئۆزىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزى بىللە تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. 1960 ـ يىلى 25 ـ ئۆكتەبىردە ۋاللېرى ھېمىڭۋاي بىلەن بىللە مايو دوختۇرخانىسىغا كىرىپ ياتتى، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئۆزئارا باغلاندى. ھېمىڭۋاي ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ جاپالىق بىر يىل بولدى. ئۇ كېيىنچىمدا ۋاللېرىدىن ئايرىلىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى بىلىپ تۇرمىسا كۆنى كۆن بولمايتتى. ئۇ كېيىنچىمدىن ۋاللېرىغا تېلېگراممىما يوللاپ مۇنداق دەپ يازدى: «خەير ـ خوش، مەيلى قەيەردە بولۇڭ، ئىشلىرىڭىز مەڭگۈ ئوڭۇشلۇق بولسۇن.»

1957 ـ يىلى كۈزدىن 1960 ـ يىلى باھارغىچە، ھېمىڭۋاي كۇبا ۋە ئايداخولاردا تۇرۇپ «كۆچمە زىياپەت» دېگەن ئەسلىمىسىنى يازدى. ئۇ ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدە يېزىلغان تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەر ئىدى. ئۇ ھېمىڭۋاي ئۆرۈشتىن كېيىن يازغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى چىققان نادىر ئەسەر بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

# ئون سەككىزىنچى باب ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرى

ھېمىڭۋاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى 10 يىلى ھالاكەت گىرداۋىدا ئۆتتى. ئافرىقىدىكى ئايروپىلان ۋەقەسى ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقارغان، ئۇنى گۆر ئاغزىغا ئاپىرىپ قويغانىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلىدا كېسەل ۋە روھىي نورمالسىزلىق قوشۇلۇپ، ھېمىڭۋاينى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. «بوۋاي ۋە دېڭىز»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ خۇشاللىقىمۇ مايىل دوختۇرخانىسىدىكى ئېغىر توك بىلەن داۋالاشتا تۈگىدى. بۇ قېتىمقى داۋالاش ئۇنىڭ خاتىرىسىنى كاردىن چىقاردى، ئۇنى تېخىمۇ چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، ئاخىر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىغا ئېلىپ باردى. ھېمىڭۋاي بۇ مەزگىللەردە خۇددى ئوۋچىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قالغان ياۋايى ھايۋانىدەك ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، ئايداخودىن كۇباغا باردى. ئارقىدىنلا ئىسپانىيىگە، ئاندىن كېتچىمدىن مايوغا باردى.

ھېمىڭۋاي سالامەتلىكى كاردىن چىققاندىن باشقا، ھەرقانداق ئىشنى ئىچىگە سىڭدۈرۈۋالىدىغان، قورۇق خىيال سۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ نامراتلىقتىن، زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن قورقاتتى. خىزمەت ئىقتىدارىدىن قالغاچقىمۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلايتتى. 1960 ــ يىلى نويابىرغا بارغاندا، ئۇ روھىي جەھەتتىن قاتتىق گۇمران بولدى. ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن دوست ــ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيتتى. مارى ئېرىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ۋە روھىي جەھەتتىكى نورمالسىزلىقىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ

كېتىۋاتقانلىقىغا چىدىيالماي قالدى، ئۇنى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى بىلەلمىدى.

ھېمىڭۋاينىڭ ئەل - ئائىنىلىرى ئۇنىڭ غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەن، لېكىن بۇنى داۋالاش كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋاقىتلىق ھادىسە دەپ قاراشقانىدى. تىللىنىڭ نەزىرىدە ھېمىڭۋاي ئاياللارنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان، مۇئامىلىسى سىلىق ئادەم ئىدى. لېكىن ئۇ بىر قېتىم ئۇۋ ئوۋلاۋاتقاندا ئۇنىڭ مارىغا تېرىكىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان.

ھېمىڭۋاي مارى يېنىدىن كېتىپ قالغاندا تۇنجى قېتىم روھىي جەھەتتىن قاتتىق پاراكەندە بولغانىدى. ئۇ ئەنە شۇ چاغدىلا مارىنىڭ ئۆزىگە تەسەللىي ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئىسپانىيىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇيقۇ دورىسىنى خېلى كۆپ ئىچسىمۇ، يەنىلا ياخشى ئۇخلىيالمايتتى، پەيلىرى تارتىشىپ، توختىماي جۆيلۈپ چىقاتتى. ۋەھىمە بېسىپ، ئۆز - ئۆزىدىن تىت - تىت بولاتتى. ئۇنىڭ زادى نېمە بولغانلىقىنى ئائىنىلىرى بىلەلمىدى. مارى بىلەن خوجىنىڭ بۇ جەھەتتە تېخىمۇ تەجرىبىسى يوق ئىدى. ھېمىڭۋاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مارى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايلا قالغانىدى. ئۇ ئىلگىرى ئوچۇق - يورۇق، جۇشقۇن ئىدى، كېيىن خىيالچان، كەم سۆز بولۇپ كەتكەن». باكېر ھېمىڭۋاينىڭ 1961 - يىلى 8 - يانۋار يازغان خېتىدىلا ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى نورمالسىزلىقىنى بايقىۋالغانىدى. «ئۇ بىر گەپنى نەچچە قېتىم تەكرارلايتتى. خاتىرىسى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۆزىنىڭ شۇ تاپتىكى ئەھۋالىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى». مانا بۇلار روھىي نورمالسىزلىقنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى.

1960 - يىلى 30 - نويابىر ھېمىڭۋاي ئايروپىلان بىلەن مىننېسوتانىڭ روچېستېر دېگەن يېرىگە بېرىپ، مايو دوختۇرخانىسىدا ياتتى. ئۇ روھىي كېسەل دېگەن سۆزدىن بىزار

بولغاچقا، ئۇنى باشقا كېسەل دەپ ئالداپ بۇ يەردە ياتقۇزغانىدى. ھېمىڭۋايىنى داۋالاش بىر خىل سىرلىق كەيپىيات بىلەن تولغانىدى. دوختۇر روم روھىي كېسەللەر مۇتەخەسسىسى ئىدى، لېكىن ئۇ ھېمىڭۋايىنىڭ ئالدىغا بۇ سالاھىيەت بىلەن كىرمەيتتى. ھېمىڭۋايىنىڭ ھەر ھالدا ئەس ـ ھوشى جايىدا ئىدى، ئۆزىنىڭ خىيالپەرەسلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ دوختۇرلار بىلەن «ئاغىنە» بولۇپ كەتكەن، دوختۇرلار ئارىسىدا سورۇنىنىڭ تۆرى ئۇنىڭ ئىدى. دوختۇرلار ئۇنى بىمار ئورنىدا ئەمەس، داڭلىق شەخس ئورنىدا كۆرەتتى.

1960 ـ يىلى نويابىردا روم دوختۇرنىڭ تەكلىپى بىلەن ھېمىڭۋايىنى توكتا داۋالاشقا باشلىدى. مۇنداق داۋالاش ئاساسلىقى ئادەمنىڭ خاتىرىسىنى كاردىن چىقىراتتى. 1961 ـ يىلى يانۋاردا بىرىنچى باسقۇچلۇق داۋالاش ئاخىرلاشتى، لېكىن ھېمىڭۋايىنىڭ خىيالپەرەسلىك كېسىلىدە قىلچە ياخشىلىنىش بولمىدى. ئۇ يەنىلا ئۆيۈمنى بىرلىرى نازارەت قىلىۋاتىدۇ، تېلېفونلىرىمنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋاتىدۇ، دېگەنلەرنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى. ئەڭ ئېچىنىشلىقى، ئۇ خاتىرىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى.

1961 ـ يىلى 22 ـ يانۋار ھېمىڭۋاي كېسىلىدە قىلچە ياخشىلىنىش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئايروپىلان بىلەن كېتچۇمغا قايتىپ كەلدى. ئاپرېلغا بارغاندا ئۇنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشتى. مارى جىددىيلىشىپ قالدى. 21 ـ ئاپرېل مارى ھېمىڭۋايىنىڭ ئوق مىلتىقىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ بىرەر سائەتچە ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. دوختۇر ساۋېلس بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۇنى قوياش جىلغىسى دوختۇرخانىسىغا ئالدى. ئۇ يەردە ئۈچ ئاي داۋالانغاندىن كېيىن، ھېمىڭۋاي يەنە مايو دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ توك بىلەن داۋالاندى.

2 ـ ئىيۇل ھېمىڭۋاينىڭ مايو دوختۇرخانىسىدىن قايتىپ كەلگىنىگە ئىككى كۈن بولغان چاغ، ھېمىڭۋاي ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا سەھەر ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئەزەلدىن دادىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئەيىبلەپ كەلگەنىدى. ئەمدى چۈشەندىكى، بەزىدە ئەتراپتىكى مۇھىت ئادەمنى مۇشۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارغا باشلاپ قويىدىكەن. ئۇ دادىسىغا ئوخشاش دىئابېت ۋە جىمغۇرلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئۆزىنى ئېتىۋالدى. شۇ كۈنى سەھەر سائەت يەتتىلەر بولغان چاغ، ھېمىڭۋاي ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئۈستىگە مۇنچا كىيىمىنى يېپىنچاقلاپ يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ يەردىن ئوۋ مىلتىقى بىلەن بىر ساندۇق ئوق ئېلىپ چىقتى. ئۇ مىلتىققا ئىككى پاي ئوق سالغاندىن كېيىن، ئىستوۋۇلىنى ئاغزىغا سېلىپ تەپكىنى باستى. ئۇنىڭ مېڭىسى چاچراپ چىقتى. مارى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ چىرقىرىۋەتتى ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىنى چاقىردى. ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھېمىڭۋاينىڭ دەپنە مۇراسىمى چىرايلىق ئۆتكۈزۈلدى.

دەپنە مۇراسىمى پاترىك ئافرىقىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنى 5 ـ ئىيۇل ئۆتكۈزۈلدى. ھېمىڭۋاي بىلەن مارى كاتولىك مۇرىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان، دېگەننى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنى كاتولىك دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە دەپنە قىلدى. ئۇنىڭ جەسىتى ئىككى تۈپ قارىغاينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان. قاتمۇقات تاغلارغا قاراپ تۇراتتى. قەبرە بېشىغا ھېمىڭۋاينىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن يىل، ئاي، كۈنلىرى يېزىلدى.

دەپنە مۇراسىمىدىن كېيىن ھېمىڭۋاينىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ۋەسىيەتنامە ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. ھېمىڭۋاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولى بىلەن مارىنى جازالىغاندەك، ۋەسىيەتنامىسىدە بىرنەچچە ئوغلىنى

www.uyghurkitap.com

رەھىمسىزلىك بىلەن جازالىغانىدى. ھېمىڭۋاي ئوغۇللىرىغا ھېچنېمە قالدۇرمىغان، مال ـ مۈلكىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇقمۇ ئېنىق كۆرسەتمە بەرمىگەنىدى.

تۇيۇقسىز ئۆلۈم ۋە پۈتۈن دۇنياغا تەسىر قىلغان ئوق ئاۋازى ھېمىڭۋاينىڭ ئاغىنىلىرى ۋە كەسىپداشلىرىنى قاتتىق چۆچۈتتى. ئۇلار بۇ گىگانت ئادەمگە چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. ئۇلار ھېمىڭۋاينىڭ ئۆلۈمى بىلەن دۇنيا مۇھىم بىر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ھەيۋەتلىك بىر توپ دەرەخ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ چۈشكەنىدى.

ھېمىڭۋاينىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى خۇشاللىق ۋە ئازابلارنى ئۇنچە چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغان بىر ئەۋلاد ئادەملەرنى يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىلىك يازغۇچىلارغا بولغان تەسىرىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر. ئۇلار ئۇنىڭ ئۇسلۇب ۋە ماھارىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالماي، يەنە ئۇنىڭ قەھرىمانلىق مىزانىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇلار ئامېرىكىنىڭ قىممىتىنىڭ جەۋھىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

جون بېررىماننىڭ بىر شېئىرى بار. ئۇ ھېمىڭۋاينى ئۆزىنى خاراب قىلىدىغان سەنئەتكارلارنىڭ تىپى قىلىپ سۈرەتلىگەن. شېئىرنىڭ ئارقىسى مۇنداق:

خېنرى بىچارە ھېمىڭۋاي ئۇچۇن ياش تۆكىدۇ
نا ئۇمىد ھېمىڭۋاي، ھايات مۇساپىسىنى تولۇق باسمىغان ھېمىڭۋاي
ھېمىڭۋاينىڭ ئاقىۋىتى...
بىزنى مىلتىق ۋە دادىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىدىن ساقلايدۇ...

شەپقەت قىلغىن ! دادا، تەپكىنى باسمىغىن
بولمىسا سىنىڭ غەزىپىڭ تۈپەيلى مەڭگۈ ئازاب چېكىمەن،
سىنىڭ ئۆلۈۋالغانلىقىڭ تۈپەيلى قايغۇغا پاتىمەن.

# ھېمىڭۋاي يىلنامىسى

1899 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇلدا ئىللىنويىس شتاتى چىكاگو شەھەر ئەتراپىدا دۇنياغا كەلگەن.

1919 ـ يىلى يانۋاردا ھەربىي سەپتىن بوشىنىپ، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1926 ـ يىلى ئۆكتەبىردە «قۇياشمۇ كۆتۈرۈلدى» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىققان.

1929 ـ يىلى دېكابىردا «ئۇرۇش مەيدانىدىكى شېرىن چۈش» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىققان.

1932 ـ يىلى سېنتەبىردە «چۈشتىن كېيىنكى ئۆلۈم» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىققان.

1935 ـ يىلى «يېشىللىققا پۈركەنگەن ئافرىقا تاغلىرى» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىققان.

1938 ـ يىلى ئىيۇندا «ئىسپانىيە زېمىنى»، ئۆكتەبىردە «بەشىنچى كالوننا» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىققان.

1940 ـ يىلى ئۆكتەبىردە «ئۇرۇش مەيدانىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازى» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىققان؛ «بەشىنچى كالوننا» سەھنىدە ئوينالغان.

1941 ـ يىلى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە جۇڭگوغا زىيارەتكە بارغان.

1947 ـ يىلى ئۇرۇش مەيدانلىرى خەۋەرلىرى يېزىشتا تۆھپىسى ئالاھىدە بولغاچقا، ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلانغان.

1950 ـ يىلى «دەريادىن ئۆتۈپ ئورمانلىققا كىرىش» ناملىق

ئەسىرى نەشردىن چىققان.

1952 ـ يىلى ئىيۇلدا «بوۋاي ۋە دېڭىز» ناملىق ئەسىرى نەشردىن چىققان.

1954 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

1960 ـ يىلى يانۋاردا «خەتەرلىك ياز»ناملىق ئەسىرىنى يازغان.

1961 ـ يىلى ئاپرېلدا يەنە دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان، 2 ـ ئىيۇل مىلتىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ مەنبەسى تور ئادرېسى

[General Information]
书名=文学行者—海明威　维吾尔文
SS号=40256067